


# بالىلار ئۈچۈن ئىسلامىي چۆچەكلەر توپلىمى

# ناۋال ئابدۇسالام









**«قايسى بىر ئايال بالىلىرى تۇرىدىغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى بېقىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇ جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ»**

**فەتهۇلكەبىر ـ 1 :توم، ـ 494 بەت.**

**«بالىنىڭ ياخشىلىقى ۋە تەقۋادارلىقىغا ياردەم قىلغان كىشىنى ئاللاھ رەھمەتكە ئېرىشتۈرىدۇ»**

**فەتهۇلقەدىر ـ 2 :توم، ـ 134 بەت.**

**«ئادەم بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن بارلىق ئەملى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.پەقەت مۇنۇ ئۈچ ئىشى داۋاملىشىدۇ:سەدىقە جارىيە،پايدىلىق ئىلىم ۋە ئارقىسىدىن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان بالا»**

**فەتهۇلكەبىر :1 ـ توم،154 ـ بەت.**




# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.................................................................6

ئاپتوردىن پەرۋىشكارلارغا...................................................8

يۈيۈنۈشنى ياخشى كۆرمەيدىغان قوزىچاق.....................................16

ئەركە كېنگورۇ.............................................................19

يىغلاڭغۇ مۇشۇكئېيىق......................................................26

مايمۇنچاقنىڭ كىيىم كىيىشنى ئۆگىنىشى.......................................31

ۋاپادار چۈجىلەر............................................................35

ئۆچ كېپىنەك...............................................................39

گۈل قىز بىلەن كۆل قىز...................................................41

ئاسلانچاقنىڭ بىلىق تۇتۇشى.......................... ......... ......... ... ............51

گەپ ئاڭلىماس توشقانچاق............................ ......... ......... . .........58

ماختانچاق توز.......................................... ......... ..... ...................63

ئالمىچاق ئۇخلاپ قاپتۇ......... ......... ......... ......... ......... ............. .........68

ئۆردەكچاق بىلەن چۈجە خوراز.......................... ......... ......... ................71

ئاق تايچاقنىڭ ئارزۇسى.................. ......... ......... ...........................75

بىلال باتۇر.................................. ......... ......... ...........................83

كەپسىز ئېيىقچاق................................ ......... ......... .....................92

توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى.... ......... ......... ...............102

كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ھېكايىسى............ ......... ......... ..............109

(1) سەت ياۋا ئۆردەك چۈجىسى ........................... ......... ......... ............109

(2) ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنىڭ سەپىرى .................. ......... ......... .............114

ئاققۇ مەلىكىنىڭ دوستى..................................... ......... ......... ............122

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

بىزنى كۇفرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقارغان مېھرىبان ئاللاھىمىزنىڭ شەنىگە لايىق مەدھىيەلەر بولسۇن!

ھاياتىنى ئىسلام نۇرى بىلەن ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياشاپ، بىزلەرگە دىنىمىزنى يەتكۈزۈشتە ۋاستە بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە دۇرۇد ـ سالاملار بولسۇن!

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبارەكەتۇھۇ !

مەرھابا، غۇبارسىز كۆڭۈل دۇنيايىڭىنى يەنىمۇ گۈزەل تەسەۋۋۇرلارغا تولسۇن دەپ تاتلىق ئۈمۈدلەر ئىچىدە ساڭا سۇنۇلغان ھېكايە ـ چۆچەكلەر دۇنياسىغا خۇش كەلدىڭ سۆيۈملۈك بالام !

مەنمۇ بىر چاغلاردا خۇددى سېنىڭدەك ھېكايە ـ چۆچەكلەرگە شۇنچىلىك ئامراق سەبىي بالا ئىدىم. ئەمدىلىكتە چوڭ بولۇپ شۇ گۈزەل ۋەقەلىكلەر بىلەن تولغان سېھىرلىك چۆچەك، ھېكايىلەرنىڭ ئىنسان قەلبىنى يەنىمۇ گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە تولدۇرۇش، تەربىيەلەش، تەرەككۇرنى ئېچىشتا نەقەدەر زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغىنىمدا بولسا، ساڭا پەقەت ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ھېكايە ـ چۆچەكلەر ئارقىلىق دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ بىزگە قىلغان بۇيرۇق ـ نەسىھەتلىرىنى پاك روھىڭغا، قەلب دۇنيايىڭغا ئاشۇ ھېكايە ـ چۆچەكلەر ۋاستىسى بىلەن سىڭدۈرۈشتەك گۈزەل نىيەتلەرنى مەقسەت قىلىپ بۇ ئاددى سوۋغىتىمنى تەييارلىدىم، ئەلھەمدۇلىللاھ. ئەنە شۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلەر بىلەن باشلىغان

ئىشىم مانا ئەمدى تۇنجى گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ خۇشپۇراقلىرىدىن ھوزۇر ئېلىشىڭنى كۈتمەكتە.تىنىق كېچە ئاسمىنىدا ئاي پارلىغان،سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار نۇر چاچقان كەچلىرى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىڭدا،ئاتا-ئاناڭنىڭ بىرەر ھېكايە-چۆچەك سۆزلەپ بەرمەستىن سېنى ئۇخلىتىشقا ئۇنىمىغان،تاماقلىرىڭنى ھېكايە ئاڭلىماي تۇرۇپ يېگۈڭ كەلمىگەن ۋاقىتلىرىڭدا بۇ ئادىتىڭنىنا ھېكايە-چۆچەكلەر ئىچىدە شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغىنىڭنى،ھوزۇر بىلەن تاماقلىنىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈش نەقەدەر بەخت ھە ! ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھېكايە-چۆچەكلەر ئەسناسىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى،مۇسۇلمانلىق ئەدەپ-قائىدىلىرى كىچىككىنە ۋاقتىڭدىن تارتىپ ئاز-ئازدىن سېنىڭ غۇبارسىز قەلبى دۇنيايىڭغا كۆچۈرۈلىۋاتقانلىقىنى سېزىشتىنمۇ خوشاللىق ئىش بولمىسا كېرەك.گەرچە كىچىككىنە،تىلغا ئالغۇسىز بىر خىزمەت بولسىمۇ، ئەمما سەن ۋە سېنىڭ پەرۋىشكارلىرىڭ ۋە ھەممىمىزنىڭ بۇلار سەۋەبى بىلەن دۇنيا-ئاخىرەتتە مېھرىبان ئاللاھىمىزنىڭ سۆيگۈ-رەھمەتلىرى،مەغفىرەتلىرى،جەننىتى ۋە جامالىغا مۇشەررەپ بولالىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن،ئىنشائاللاھ !

قەلبىڭ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسى بىلەن تولسۇن! ھاياتىڭ ئىسلام ۋە ئىمان بىلەن ياشىسۇن!ئىككى دۇنيادا ئەزىز ۋە بەختيار ياشىغىن! سۈزۈك ۋە خۇشپۇراق قەلىب باغچىلىرىڭغا تىكمەكچى بولغان بۇ گۈللىرىم بىلەن سېنى غايىبانە سۆيۈپ،سالام بىلەن:

ناۋال

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبارەكەتۇھۇ




# ئاپتوردىن پەرۋىشكارلارغا

شۈبھىسىزكى، ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئامانىتى ۋە رەھمىتى بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەتمەن،ئىسلامنى سۆيىدىغان،تەقۋادار،سالىھ پەرزەنتلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.ھالبۇكى، كۈنىمىزدىكىدەك دۇنيا ، نەپسىمىز ۋە شەيتان تىنىم ـ تاپماي بىزنى ئازدۇرۇپ تۇرغان، ھەرقاچان ئېزىپ كېتىش خەۋپىدە تۇرىۋاتقان، ئىمان ـ ئېتىقاد،ئەدەپ ـ ئەخلاق سۇسلاشقان،ئىلىم ئەھلىلىرى ئاز بولغان ۋە ئىلىمسىزلىق،دىنسىزلىق جاھالەتلىرى قەلبىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرگەن بۇ دەۋردە بالىلارنى ھەقىقىي سالىھ مۆئمىنلەردىن قىلىپ چىقىش تولىمۇ تەس ،ئەمما تەخىرسىز بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.دۇنيا قانچىلىك قىزىقتۇرۇشلارغا تولسۇن،ھەقنى ياپقۇچىلار ۋە توسقۇچىلار قانچىلىك كۈچ ـ ھەيۋە بىلەن بېسىم قىلسۇن،بىزدىكى بىلىم ۋە شارائىت قانچىلىك يېتەرسىز بولسۇن،ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرى بولغان بالىلارغا كىچىكىدىن ھەقنى تونۇتۇش ،بۇلار مەيلى قانچىلىك مۈشكۈل بىر ئىش بولىشىدىن قەتئىينەزەر شۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش

ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىدۇر. بۈيۈك ئالىم ئەھنەف ئىبنى قەيسنىڭ باللار ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزى ناھايىتى مۇھىم: «باللار كۆڭۈللىرىمىزنىڭ مېۋىسى، بەدىنىمىزنىڭ ئومۇرتقىسىدۇر. بىز باللار ئۈچۈن ئاستىغا تۆشەك بولىدىغان كەمتەر، پاك تۇپراق ۋە ئۈستىدىكى سايىۋەن ئاسمانغا ئوخشايمىز. باللار ئۈچۈن چوڭ ئىشلارغا ئۇرۇنىمىز.» ھەر ئائىلە ۋە شۇ ئائىلىدىكى پەرۋىشكار بولغۇچى باللىرىنىڭ ياخشى كىشلەر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ غەيرەت ۋە ئەھمىيەت كۆرستىشى لازىم. ئىسلام دىنىمىزدا تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئەڭ ئاخرقى غايىسى ياخشى كىشلەر يېتىشتۈرۈشتۇر. شۇنداق بولغاچقا تەلىم ـ تەربىيە ئاساسلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلىدىغان ئۆلۈغلۇقتىدۇر.

"سىلەر باللىرىڭلارنى ئۇلار ياشايدىغان زامانغا كۆرە يېتىشتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەر ياشاۋاتقان زاماندىن باشقا بىر زامان ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر." دىگەن ھېكمەتلىك سۆز، باللارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئاساسنى بىلدۈرىدۇ. ياخشى بولغان ھەر نەرسىدىن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇنىڭ شەرتى ئۇ نەرسىنىڭ شەرئەتكە زىت كەلمەسلىكىدۇر.( ئا.ھاپىزنىڭ ‹ئەۋلادلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەزىپىسى› ناملىق ماقالىسىدىن) دىمەك،مۇئەييەن بىرسىم ئارقىلىق تەربىيە قىلىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدىغان سەۋەبي بالىغا نىسبەتەن پەقەت ئۇنۇملا بولىدىكەن ۋە شەرئەتكە زىت بولمىغان،ئىسلام ئەخلاقلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىپ،ھېس قىلدۇرالايدىغان،ئۇنىڭ باللىقىنى رەڭدارلىققا ۋە گۈزەللىكلەرگە تولدۇرالايدىغانلا بولسا بۇ بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تولىمۇ تېگىشلىك بولغان ئىش بولىدۇ.شۇڭا،

**ھەربىرەيلەننىڭ شۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان خىزمەتلىرى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان قىچا چاغلىق ئەمەل بولسىمۇ ئۇنىڭدا ئىخلاسلا بولىدىكەن ئۇ كىچىككىنە ئەجىرلەرمۇ ئاللاھ نەزىرىدە مەقبۇل ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە نەتىجىلىك ئەمگەك بولسا ئەجەپ ئەمەس،ئىنشائاللاھ.**

**ئەمدىلا تىلى چىقىپ،تەپەككۇرى يېتىلىۋاتقان سەبىي باللارنىڭ غۇبارسىز روھىي دۇنياسى،شەيئىلەرگە بولغان تىنىمسىز قىزىقىشى،ھەربىر يېڭى نەرسىلەرنى شۈنچىلىك تېز**

قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆگىنىشكە ئىنتىلىشى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز شادلىقلارغا ئېرىشتۈردى، بۇ ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن زىل ۋە تەربىيەلەشتە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر پەيتلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا بولسا بىسسىمۇ ھېس قىلدۇ. چۈنكى بىزدە بۇ ھەقتە مۇكەممەل بولغان ئىسلامىي تەربىيەلەش دەرسلىكلىرى، كىتاپلار، ئوقۇشلۇقلار دىگەندەك شارائىتلار ئىنتايىن كەمچىل ۋە يوقنىڭ ئورنىدا. زەن سېلىپ كۆزىتىدىغان بولساق ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنى بايقايمىزكى، ئىككى ـ ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغان بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، تەپەككۇرى، تەسەۋۋۇرى، سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ۋە ئۆگىنىش سۈرئىتىنىڭ شۇنچىلىك تېزلىقى بىز ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم... سىز ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى يەنە بىر قېتىم ئېيتقان ۋاقتىڭىزدا، ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشىمايدىغانراق سۆزلەپ سالغان ياكى ئۇنتۇغان جايلارنى ئۇ سىزگە ئەسكەرتىپ قويىدۇ! كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ سىزنىڭ ھېكايە ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى كۈتمەيلا ئۆزى رەسىملىك ھېكايە كىتاپلاردىكى مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرگە قاراپ ئېسىدە قالغان ھېكايىلەرنى ئۇ يەر بۇيەردىن يادا ئوقۇشقا باشلايدۇ ۋە يەنە بىر قېتىمدا بولسا ئۇ ھېكايىلەرنى تامامەن يادلىۋالغان بولىدۇ ! ئەنە شۇ ھالەتتە ئۇ ئۆزلۈكسىز يېڭى شەيئىلەرگە، يەنىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ ۋە ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ، ھېكايىدىكى ھايۋانلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىنى، ئىش ـ ھەركەتلىرىنى دورايدۇ، ئويۇن جەريانىدا ئوينىغاچ ئۇلارنى تەكرارلايدۇ، بۇلار بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئوي ـ پىكىرلىرىگە ئايلىنىدۇ، تەكرار داۋاملاشقان ئىش ـ ھەرىكەت ئاخىرى ئىدىيەگە ئايلىنىدۇ، مانا بۇ دەل بىز كۈتكەن ۋە يەتمەكچى بولغان نىشان ئەمەسمۇ؟!

ئەنە شۇ ئويلار ،ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس ۋە گۈزەل نىيەتلەر بىلەن قىلغان ھەربىر ئىش نەتىجىسىز بولماس ئىنشائاللاھ ،دېگەن مەقسەتلەر ۋە ئاللاھنىڭ لۇتفى ـ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا بۇ ئاددىيغىنە كىتاپچە تەييارلاندى.

كىتاپتىكى ھەربىر تېمىدىكى ۋەقەلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك شېئىرلار، قۇرئان ئايەتلىرى

ۋەھەدىسلەر،دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ يوسۇنلىرى ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيلەش مەقسەت قىلىندى.

ۋەقەلىكلەرگە ماس ھالدا بالىلارنىڭ ياقتۇرىدىغانلىقى ۋە بىلىم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى نەزەردە تۇتۇلۇپ سۈرەتلەر كىرىشتۈرۈلدى.

ئەسەر بىزگە بۇرۇندىن تونۇش بولغان بىرقانچە ھېكايىلەر،كارتون فىلىملەرنى ئىسلامىي تەربىيە تۈسىدىكى ئەسەر قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش،ئۆزگەرتىش ۋە ئىجادىي ئەسەرلەردىن تەركىب تاپتى.

بۇ كىتاب بۇ مەقسەتتە تۈزۈلگەن تۇنجى ئەسىرىم بولغىنى ۋە بۇ ھەقتە تۈزۈلگەن كىتاپلاردىن كۆرگىنىم ۋە بىزدە بولغانلىرى يوق دېيەرلىكلا بولغىنى ئۈچۈن كىتاپ ھەرخىل نۇقسان،تۈرلۈك كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بۇخىل ئوقۇشلۇقلار سالىھ ۋە ئىمانلىق پەرزەنتلەرنى تەربىيلەش ئۈمۈدىدىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن بىر بوشلۇق.باشقا مىللەتلەردە بالىلار ھېكايىلىرى،چۆچەكلىرىدىن تۈزۈلگەن كىتاپلار كۆپ بولۇپلا قالماي بەلكى،ئىككى ياشلىق،ئۈچ ياشلىق،تۆت ياشلىق،بەش ياشلىق دەپ ياش تۈركۈملىرىگە ئايرىلغان ھالدا ھەربىر ياشتىكىلەرنىڭ ئەقلى سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن بولغان(ئۇخلاش ئالدىدىكى ھېكايىلەر) ئاللىقاچان مۇنتىزىم بىر ھالغا كېلىپ بولغان ۋە ئاۋازلىق ئەسەر،ئاۋاز،سۈرەت بىرلەشتۈرۈلگەن سىن ئەسەرلىرى،كارتون فىلىملەر ئىشلەنگەن.ئەگەر بىزلەر ھەم بالىلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى ھېكايە ـ چۆچەككە ئامراق بولۇشتەك بۇ ئالاھىدىلىكنى چىڭ تۇتۇپ،ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئىسلام ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى،پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرى بىلەن تەربىيەلەيدىغان ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ ۋە ئاۋازلىق ئەسەر قىلىپ ئىشلەپ،ئۇلارنى كۆڭۈل ئېچىش،ئويۇن ئويناش خاراكتېرىدىكى ۋاستىلەر ئارقىلىق تەبئىي،بالىلارغا بېسىم بولمىغان ۋە ھوزۇرلۇق ھالدا سالىھ پەرزەنت تەربىيلەش،ئەقلىي تەپەككۇرىنى ئېچىش،تەسەۋۋۇرلىرىنى بېيىتىش ۋە قەلبىنى ئىسلامنىڭ گۈزەل نۇرلىرى بىلەن نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچىسەك،بۇنىڭ ئۈنۈمىنى سەل چاغلىغىلى بولماس دەپ قارايمەن.چۈنكى

ئىككى،ئۈچ،تۆت ياش ئەتراپىدىكى بالىلارغا مەلۇم نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن جىق بېسىم قىلغىلى بولمايدۇ،ئەكسىچە هالدا ئۇلاردا بىزارلىق تۇيغۇلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ،يەتمەكچى بولغان نىشاندىن يىراقلاپ كېتىشىمىزمۇ مۈمكىن.شۇڭا ئىمكانىمىزنىڭ بارىچە بۇ ياشتىكى بالىلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارغا ئىسلام روهىنى سىڭدۈرۈپ مېڭىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش هەققىدە ئىزدىنىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.ئەسلى ئەسەرنى باشلاشتىن بۇرۇن ۋە دەسلەپ تۇتۇش قىلغان ۋاقىتلاردا هەربىر هېكايە ـ چۆچەكنى ياشقا كىچىك سەبىي بالىلارنىڭ ئەقلى ـ تەپەككۇرى قوبۇل قىلالىغۇدەك،ئۇلارغا هەم هېكايە سۆزلەپ ئىستىتىك زوق بەرگۈدەك هەم ئىسلامىي تەربىيە،ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتەلىگۈدەك بىر ئەسەر قىلىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغانىدىم،ئەمما ئىش باشلانغان ۋە بارا ـ بارا ماتېرىيال كۆرۈپ،ئىزدىنىش،يېزىش داۋامىدا بۇنىڭ ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەسلىكى،قىلغانلىرىمنىڭ بالىلارنىڭ تەبىئىتىگە ئۇنچىلىك يېقىن كەلمەيدىغانلىقى،مۇهىمى هېكايىلەر ئارقىلىق ئىسلام روهىنى بالىلار قوبۇل قىلالىغۇدەك قىلىپ سىڭدۈرۈشنىڭ تەس بىر ئىش ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم،شۇنداقلا يازغانلىرىم ئادەتتىكى هېكايە ـ چۆچەكلەردىن هېچبىر پەرقى يوق هالدا بولۇشى مۈمكىن.ئىنشائاللاه، كېيىنكى قىسىملىرىدا قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەر بىلەن كەمچىلىكلەر تولۇقلىنىپ ۋە تەجرىبىلەر توپلىنىپ يەنىمۇ نەتىجىلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلسە ئەجەپ ئەمەس.بىلىمىمنىڭ كەملىكى،تەجرىبىسىزلىكىم،يېزىقچىلىق ئىقتىدارىمنىڭ ئۇنچىلىك كۈچلۈك ئەمەسلىكىدەك يېتەرسىزلىكلەر سەۋەبىدىن ئەسەرنى هەرجەهەتتىن بالىلار تەبىئىتى ۋە ئەقلى ـ تەپەككۇرىغا يېقىن قىلىپ،مۇۋەپپىقىيەتلىك تۈزۈپ چىقالمىغانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ ئۆزۈرلۈكمەن.

## ئۇنداقتا بالىلارغا هېكايە سۆزلەپ بېرىشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

بۇ ئەڭ مۇهىم نۇقتا،يەنى مەيلى قانداقلا بىر هېكايە ،شېئىر،چۆچەك بولسۇن،مەسئۇلىيەتچان بىر پەرۋىشكار ئۇنى قارا ـ قويۇق هالدىلا بالىغا سۆزلەپ

بەرمەسلىكنى بىلىشى كېرەك.چۈنكى ئەمدىلا تەپەككۇرى يېتىلىشكە باشلىغان كىچىك بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسى تولىمۇ نازۇك ۋە سەزگۈر بولىدۇ،ئەگەر بۇ ۋاقىتتا نېمىنى،قانداق سۆزلەپ بېرىشكە دىققەت قىلمىغان چاغدا بالىنىڭ شۇ نازۇك روھىي دۇنياسىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىمىز مۇمكىن.شۇڭا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش بەك مۇھىم.ئىمكان بار ھەربىر ھېكايە بالىدا گۈزەل تەسەۋۋۇرلار ئويغاتسا،ئۇنىڭغا ئىستىتىك تۇيغۇلار بەخش ئەتسە،مەلۇم ئىسلامىي تەربىيە،ئەدەپ-ئەخلاقلارنى ئۆگىتەلىسە ۋە ھېس قىلدۇرالىسا ئۇ چاغدا سىز ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا كۆپ تەرەپلەپ ھوسۇل ئالغان بولىسىز.

1.بالىغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىشتە سىزنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىڭىز بولسۇن.يەنى سىز كىتاپتىن قانداقلا بىر نەرسىنى سۆزلەپ بەرمەڭ ياكى يادا ئوقۇپ بەرمەڭ،ئۆلۈك ھالدا سۆزلەشتىن ساقلىنىڭ.پۈتۈن ھېسياتىڭىز بىلەن ئەسەردىكى دىئالوگلارنى ئۆز تىلىڭىزغا ئايلاندۇرۇپ ھېسىياتلىق، جانلىق،قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەشكە تىرىشىڭ،ئەسەردىكى ھەربىر ئادەم،ھەربىر جانلىققا ئۆزىگە خاس ئاۋازدا ئاۋاز بېرىپ سۆزلەپ،بالىلارنى خۇددى كارتون فىلىم كۆرىۋاتقاندەك ھېسىياتقا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشقا تىرىشىڭ،بولمىسا بالا ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ،شۇنچە تەسىرلىك،قىزىقارلىق ھېكايىمۇ ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

2.سىز بالىڭىزغا سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان مەلۇم ھېكايە بەلكى ئاددىيلا بولۇشى مۇمكىن،ئەمما سىز ئۇنى چوقۇم ھەم قىزىقارلىق،ھەم تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھېكايە قىلىپ بالىڭىزغا زوق،بىلىم بېرەلەيسىز.مەسىلەن،ئەسەرگە ئۆزىڭىز ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىپ،قوشۇمچە مەنىلىك شېئىرلارنى،قۇرئان ئايەتلىرىنى،ھەدىسلەرنى،ئالىم-مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى،ئىش-ئىزلىرىنى،ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقلىرى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى قوشۇپ سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىسىز.«قاراڭ بالام،ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دىگەن،ما بالا ياكى ماۋۇ ھايۋانات نىمانداق ئەدەپسىزلىك،شوخلۇق قىلىپ ئاللاھقا ئىتائەت

قىلمىغاندۇ؟شۇنداق قىلسا توغرا بولامدۇ؟بۇ ئېپىقچاق ئەجەپ كەپسىزكەن ھە بالام،قاراڭ ئۇ باشقىلارنىڭ ھەسلىنى سورىمايلا يەۋاپتۇ،شۇڭا ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنى چېقىپ جازالاپتۇ،ھە! باشقىلارنىڭ ھەققىنى سورىماي يېسە قانداق بولىدىكەن،بىز قانداق قىلساق بولىدىكەن بالام؟ ۋاي ـ ۋۇي،ما پاخلانچاق شۇنداق مەينەتكەن،شۇڭا ئۇنى ھېچكىم ياقتۇرمايدىغان بوپ قاپتۇ،سىز قانداق قىلسىز بالام؟...» مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ھېكايە سۆزلەش جەريانىدا بالىدىن سوراش،چۈشەندۈرۈش ،ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق بالىلارغا مەلۇم تەربىيە بېرىشكە تىرىشىش كېرەك.

3.قورقۇنۇچلۇق،ئېچىنىشلىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىشتىن ساقلىنىش.بالىنىڭ نازۇك،زىل روھىي دۇنياسى خۇددى ئەينەككە ئوخشايدۇ،دىققەت قىلمىسا ئاسانلا سۇندۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن،شۇڭا ھېكايە سۆزلىگەندە ھېكايىلەردىكى قورقۇنۇچلۇق،ئېچىنىشلىق ئىشلارنى سۆزلىمەسلىك،ئۇلارنى باشقىچە مەزمۇنغا ئۆزگەرتىش ۋە ئىپادىلەش كېرەك.مەسىلەن،مەلىكىنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ...دېگەندەكلەرنى ئاپىسى يىراق بىر يەرگە كېتىپ قايتىپ كەلمەپتۇ،ئورنىغا باشقا خانىش كەپتۇ، دېيىش،خانىش مەلىكىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ،دېمەي،ئۇنى يىراق بىر يەرگە كەتكۈزىۋەتمەكچى بوپتۇ دەپ سۆزلەش، ياۋۇز، ۋەھشىي ئوغرى ـ قاراقچى،ئۆچمەنلىك،ئاداۋەت،ھەسەت،ئۇرۇش ـ جېدەل مەزمۇنىدىكى نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلىمەسلىك،ئىمكان بار ياخشىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان،گۈزەل ئەخلاقنى،باتۇرلۇقنى،ئىسلام خۇلقلىرىنى ۋە ئەمىرلىرىنى ئۆگىتىدىغان ساپ،پاكىزە،ساغلام مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى سۆزلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك.بولمىسا بالىنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە قورقۇنۇچ،قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە باشقا ناچار پسىخىكىلار شەكىللىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

4.بالىڭىز بىلەن بىللە ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئويناڭ.بىرقانچە قېتىم ھېكايە سۆزلەشتىن كېيىن،بالا ئۇ ھېكايىنى ئېسىدە تۇتىۋالغان بولىدۇ ياكى رەسىملىك ھېكايە كىتابىغا قاراپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ كېتىدۇ.شۇڭا سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھېكايىدىكى

پېرسوناژلارغا ئايلىنىك ـ دە،ھېكايە سۆزلەش،ئويۇن ئويناشنى باشلىۋېتىڭ.ئېسىدە قالمىغانلىرىنى تولۇقلاپ بېرىڭ ياكى كىتابنى قولىغا تۇتقۇزۇپ سۆزلىتىڭ،ئۇ دېيەلمىگەن يەرلىرىنى سىز دەپ بېرىڭ.شۇنداق قىلىپ بالىڭىز بارا ـ بارا ھېكايە سۆزلەشكە ماھىر بولىدۇ،جۈرئەتلىك،دادىل روھىي ھالەت شەكىللىنىدۇ،تەپەككۇرى يەنىمۇ ئېچىلىدۇ،تىلى پىششىق بولمىسا سۆزلەش قابىلىيىتى ئېشىپ بارىدۇ،ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ،ھېكايە ئويۇنىدىن ھەم ھوزۇر ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلار مەن ئەتراپىمدىكى بالىلارغا ھېكايە ـ چۆچەك سۆزلەپ بېرىش جەريانىدا ھېس قىلغان تەرەپلەر بولۇپ،بەلكىم سىزنىڭ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋە ياخشى تەجرىبىلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن.خەير،ھېكايە سۆزلەش ۋاقتى بوپ قاپتۇ ئاشۇ ئوماق،تاتلىق قوزىچاقلىرىمىزغا ! ئۇلارنىڭ بالىلىقى ھېكايە ـ چۆچەكلەرنىڭ سېھىرلىك قوينىدا مېھىر بىلەن پەپىلەنسۇن،قەلبى گۈزەل ئەستىلىكلەرگە تولسۇن،كۆنلىرى گۈللەردىنمۇ رەڭدار،ھاياتى نۇردەك جۇلالىق بولسۇن !ئامىن !






# يۇيۇنۇشنى ياقتۇرمايدىغان قوزىچاق

بۇرۇنقى زاماندا ياپيېشىل يايلاقتا ئوماق بىر ئاق قوزىچاق بار ئىكەن.ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن.كۆنلەر ئۆتۈپتۇ،ئۇ چوڭ بولغانسېرى نېمىشقىدۇر ھورۇنلىقى تۇتۇپ يۇيۇنۇشنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.




ئاپىسى ھەردائىم ئۇنى مونچىغا سىلىپ يۇيۇندۇرىمەن

دېسلا يۈيۈنمايمەن،مەن يۈيۈنۈشقا بەك ئۆچ ! ـ دەپ غەلۋە قىلىپ يىغلاپ،ئۆينى بېشىغا كىيىدىكەن،ھەرقانچە نەسىھەت قىلسىمۇ پەقەت ئاڭلىمايدىكەن.شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر يۇيۇنمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.بارا ـ بارا قوزىچاقنىڭ بەدىنى سېسىق پۇرايدىغان،چىرايلىرى كىر ـ مەينەت،بەك سەت بولۇپ كېتىپتۇ.لېكىن ئۇ پەرۋا قىلماي ئاشۇنداق مەينەت پېتى يۈرۈيۋېرىپتۇ.ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان كىچىك ھايۋانات دوستلىرى ئۇنىڭ مەينەت ھەم سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ كەتكىنىدىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىغۇسى كەلمەيدىغان




بوپ قاپتۇ.

بىر كۈنى يايلاقتىكى ھايۋاناتلار يىغىلىپ ھېكايە سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ.قوزىچاقمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ھېكايىدىن بىرنى تەييارلاپ دوستلىرىغا ئوقۇپ بەرمەكچى بولۇپتۇ ۋە يىغىلىش بولىدىغان كۈنى ئۇ يەرگە بېرىپتۇ.ئۇ بارغاندىن كېيىن دوستلىرىغا سالام قىلسا ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماپتۇ،بىللە ئويناپلىچۇ،دېسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن ئوينىغۇسى كەلمەپتۇ،ھەممىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ،بىزار بولغان ھالدا :

ـ ۋايجان ! پۇفە ! پۇف،..ف....تېز كەت،بىزدىن يىراق تۇر ھۇي سېسىق قوزا ! ـ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قوزىچاقنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ.نېمىشقا ھېچكىم مەن بىلەن ئويناشنى خالىمايدۇ؟ يەنە مېنى سېسىق،دەپ تىللايدۇ؟ ـ دەپ



ئازاپلىنىپتۇ.ھايۋاناتلار ھەممىسى ئۇنىڭغا:

ـ بۇنىڭ ھەممىسىنى  سەن ئۆزۈڭدىن كۆر،كىم سېنى يۇيۇنۇشنى ياقتۇرمايدىغان بولسۇن دەپتىكەن؟ مۇسۇلمان دېگەن ھەرۋاقىت پاكىزە ھەم خۇشپۇراق يۈرىشى كېرەك.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ پاكىزلىققا بەك كۆڭۈل بۆلگەن،ھەردائىم خۇشپۇراق يۈرگەن ۋە باشقىلارنى ھەم پاكىزە ھەم خۇشپۇراق يۈرۈشكە دەۋەت قىلغان. بىر ھەدىسىدە :« پاكىزلىق قىلىڭلار،چۈنكى ئىسلام پاكىزدۇر»‹ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبدۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە،ھاكىم،بەيھەقى › دېگەن تۇرسا.مەينەت ھەم سېسىق يۈرگەنلەرنى ئاللاھمۇ،پەيغەمبىرىمىزمۇ،پەرىشتىلەرمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ،بىزمۇ ياخشى كۆرمەيمىز، كىممۇ ھەم مەينەت ھەم سېسىق بالا بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرسۇن!ـ دەپتۇ.




دوستلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان قوزىچاق بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپتۇ ۋە يۈگۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.ئۆيىگە بېرىپلا خۇشپۇراق سوپۇن بىلەن ئۇزاق يۇيۇنۇپ،بەدىنىكى كىرلارنى پاك ـ پاكىز تازىلاپتۇ،يۇيۇنۇپ بولۇپ بەدىنىگە خۇشبۇي ئەتىرلەرنى سېپىپتۇ.ۋاھ ! نېمە دېگەن چىرايلىق بوپ كەتكەن ھە !بەدەنلىرىمۇ يەڭگىللەپلا قاپتۇ،كەيپىياتىمۇ شۇنداق ياخشى !ئۇ ھەتتا ئۆزىمۇ ئۆزىگە زوقلىنىپ قاراپ،پاكىزلىقنىڭ شۇنچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھەرۋاقىت يۇيۇنۇپ،تارىنىپ پاكىزە يۈرۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىپتۇ.



مانا قاراڭ ! قوزىچاق هازىر پاكىزە،ھەم خۇشپۇراق پۇرايدىغان نۇرلۇق بالا بوپتۇ.ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىغان ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بوپ كېتىپتۇ.




ئەركە كېنگورۇ

چوڭ بىر يايلاقتا نۇرغۇن هايۋاناتلار بىرلىكتە ياشايدىكەن.ئۇ يەردە ناهايىتمۇ



كۆپ كىنگورۇلار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك كىنگورۇ بولۇپ،بەكمۇ ئەركە ئىكەن.هەمىشە ئاپىسىنىڭ خالتىسى ئىچىدىن چۈشمەيدىكەن،تامىقىنىمۇ ئاپىسى يېگۈزۈپ قويمىسا هەرگىز يېگىلى ئۇنىمايدىكەن.

بىر كۈنى يەنە ئاپىسى ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزىۋاتقان چاغدا ئاسلان دوستى بىلەن كۈچۈك دوستى ئۇنىڭ بىلەن ئوينىغىلى كەپتۇ.ئۇلار كىچىك كىنگورۇغا ئاپىسىنىڭ تاماق يېگۈزۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،هەيران بولۇپ،بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.



-قارا،قارا! كىنگورۇ شۇنچە چوڭ بوپ كېتىپمۇ يەنە ئاپىسى ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزۈپ قويىدىكەنغۇ! -ئاسلانچاقمۇ ئۇنىڭغا قاراپ مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ،كۈچۈكمۇ ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرە قىپ كۈلۈپتۇ.بىراق كىچىك كىنگورۇ بولسا ئۇلارغا ئاچچىقلاپ :

ـ هوي سلەرنىڭ نېمە كارىڭلار،سلەرگىمۇ ئاپاڭلار تاماق يېگۈزۈپ قويسۇن چىدىمىغان



بولساڭلار، ـ دەپتۇ.

ئاردىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ،يايلاقتىكى ئېيىقچاق كىچىك

كىنگورۇنى،كۈچۈكنى ۋە ئاسلانچاقنى ئۆيىگە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ

قىلىپتۇ.كىچىك كىنگورۇ خۇشال بولۇپ ئاسلانچاق ۋە كۈچۈك بىلەن بىللە ئېيىقچاقنىڭ

ئۆيىگە بېرىپتۇ.يولبويى تۈرلۈك هايۋانلارنى،قۇشلارنى كۆرۈپتۇ ۋە يايلاقنىڭ گۈزەل



مەنزىرىسىدىن قانغۇچە هوزۇرلىنىپتۇ.

ئۇلارنى مېھمان ئۇلار تېزلا ئېيىقچاقنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.ئېيىقچاق تولىمۇ مېھماندوستلۇق بىلەن قىلغىلى تۇرۇپتۇ.هەرخىل ئېسىل يېمەكلىكلەرنى،تاماقلارنى،شەربەتلەرنى داستىخانغا ئەكەپتۇ.يەنە ئاسلانچاق ئامراق بېلىق،كۈچۈك ئامراق گۆش ۋە ئۇستىخان قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن.ۋاھ ! نېمانداق ياخشى ! ـ دېيىشىپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ئاسلانچاق بىلەن كۈچۈك. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرهال بېرىپ قوللىرىنى پاكىزە يۇيۇپتۇ،ئاندىن داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئوڭ قولى بىلەن بىسمىللاھ دەپ تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ.ئۇلار ھەممىسى

خۇشال ـ خورامىلىق بىلەن غىزالانغىلى تۇرۇپتۇ.كىچىك كىنگورۇ بولسا تىتىلداشقا باشلاپتۇ.




چۈنكى ئۇ ئۆيىدىكى چاغدا ھەمىشە ئاپىسىنى ماڭا تاماق يېگۈزۈپ قوي

دەپ تۇرىۋالاتتى ئەمەسمۇ! ھازىر يەيدىغان نەرسىلەر تېزلا يېيىلىپ بولغىلى تۇردى،ئاپىسىمۇ

يوق،قانداق قىلىش كېرەك؟شۇنىڭ بىلەن كىچىك كىنگورۇ ئويلا ـ ئويلا،ئۆزى كىچىك

تەخسە بىلەن قوشۇقنى ئېلىپ،تاماق يېمەكچى بوپتۇ.ئۇ ئەمدىلا يەيدىغان نەرسىگە قول



ئۇزىتىشىغا كۈچۈك تووۋلاپ كېتىپتۇ:

ـ ھەي،ھەي ! كىنگورۇ،سەن مۇسۇلمانمۇ ئەمەسمۇ؟ تاماق يېيىشتىن بۇرۇن

ۋە كېيىن قول يۇيۇش كېرەكلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئەجىبا ئاپاڭ ساڭا بۇلارنى ئۆگەتمىگەنمۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان كىنگورۇ خىجىل بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ـ دەپ

بېرىپ قوللىرىنى پاك ـ پاكىزە يۇيۇپ كەپتۇ.ئۇ يەنە ئەمدىلا تاماققا قولىنى ئۇزىتىشىغا

ئاسلانچاق تووۋلاپتۇ:

ـ ھەي، ھەي ! كىنگورۇ دوستۇم،سەن مۇسۇلمانمۇ ئەمەسمۇ؟تاماق يېگەندە

بىسمىللاھ دەپ باشلاش كېرەكلىكىنى ۋە ئوڭ قولى بىلەن يېيىش كېرەكلىكىنى بىلمەمسەن؟



ئاپاڭ ساڭا نېمە ئۆگىتىدىغاندۇ بۇلارنى ئۆگەتمەي؟

بۇنى ئاڭلىغان كىنگورۇ تېخىمۇ خىجىل بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بىسمىللاھ دەپ ئوڭ قولى بىلەن تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزى تاماق يەپتۇ ۋە ئۆزى تاماق يېيىشنىڭ بەك ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. ئاپىسى چايناپ بەرگەندىن ئۆزى چايناپ يېسە




نېمانداق لەززەتلىك ھە ؟ ـ دەپ ئويلاپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ دوستلىرى بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ :

ـ ئاپا بۈگۈندىن كېيىن ھەرگىز سىز يېگۈزۈپ قويغان تاماقنى يېمەيمەن، مەن ئۆزۈم يەيمەن ! ـ دەپتۇ. كىنگورۇ ئاپا بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە :

ـ ماشائاللاھ ! مېنىڭ قوزام چوڭ بوپتۇ ! ئاللاھ رەھمەت



قىلسۇن بالام ! ـ دەپتۇ.

كىچىك كىنگورۇمۇ ئاپىسىغا:

ـ ئاپا،سىزگىمۇ ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.مەن بۈگۈن بەك جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم.مەن تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قول يۇيۇشنىڭ،تاماقتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دەپ ئوڭ قولىمىز بىلەن،تەخسىنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ يېيىشنىڭ ۋە تاماقتىن كېيىن «ئەلھەمدۇلىللاھ ۋەجىمى مەدھىيە مىنىڭ ئەجرىمسىز تاماق بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر » دەپ دۇئا قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. شۇنداق تاماق يېيىش تاماق يېيىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە سۈننەتلىرى ئىكەن ھەم ئاللاھقا شۈكرى قىلغان بولىدىكەنمىز.بۇرۇن سىز دېسىڭىز ۋە ئۆگەتسىڭىز پەقەت گەپ ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن،بۈگۈن دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا شۇنداق خىجىل بولدۇم.كېيىن ئېيىق ئاپا بىزگە بۇلارنى ئۆگىتىپ قويىدى ۋە ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىزنى ئېيتتى،كەچۈرۈڭ ئاپا،سىز ئۆگەتسىڭىز ئاڭلىماي سىزنى رەنجىتىپتىمەن ،ئاخىرى سىزنىمۇ،ئۆزۈمنىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىككە قويدۇم.ئەمدى ئۇنداق گەپ ئاڭلىمايدىغان ئەركە ـ نايناق بالا بولمايمەن. ـ دەپتۇ ۋە ئاپىسىغا مۇنۇ شېئىرنى



ئوقۇپ بېرىپتۇ:

تاماق يېيىشتىن بۇرۇن،

قولنى پاكىز يۇيىمىز.

ئوڭ قول بىلەن بىسمىللاھ

دەپ يېيىشنى باشلايمىز.

شەيتان يەيدۇ سول قولدا،

مۇسۇلمانلار ئوڭ قولدا

يەيمىز ؛تاماقتىن كېيىن

دەيمىز ئەلھەمدۇلىللاھ!

بۇلار تائام يېيىشنىڭ

ئەدەپلىرى ،سۈننىتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنىڭ

بىزگە قىلغان ئۆگۈتى.

كىچىك كىنگورۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ۋە ئوقۇپ بەرگەن شېئىرىدىن تېخىمۇ سۆيۈنگەن كىنگورۇ ئاپا خۇشاللىقىدىن توختىماي :

ماشائاللاھ،ئەلھەمدۇلىللاھ !مېنىڭ قوزام راستىنلا چوڭ بوپتۇ ! ئاللاھ سېنى ئەزىز قىلسۇن تاتلىقىم، ـ دەپتۇ ۋە كىچىك كىنگورۇنى باغرىغا بېسىپ،سۆيۈپ كېتىپتۇ.



شۇنداق قىلىپ كىچىك كىنگورۇ ئاخىرى ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغان ۋە ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ،ئەركىلەپلا يۈرمەيدىغان ياخشى بالا بولۇپ كېتىپتۇ.




## يىغلاڭغۇ مۈشۈكئېيىق

بۇرۇنىسدا بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن چوڭ بامبۇكزارلىقتا بىر كىچىك مۈشۈكئېيىق بار ئىكەن.ئۇ ناھايىتى يىغلاڭغۇ ئىكەن،قانداقلا بىر ئىشقا ئۇچرىسا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يىغلاپلا تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ كىچىك مۈشۈكئىيىق كىچىك بىر تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپتۇ،گەرچە ئۇنىڭ ھېچيېرى ئاغرىمىسىمۇ ،بىراق يەنىلا قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ.كىچىك

مۆشۆكئېيىق يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ يىغلا ـ يىغلا بارغانسېرى يىغىسى ئەدەپ،ئازاپلىنىشقا



باشلاپتۇ،كۆز ياشلىرى يەرگە تامچىلاپتۇ.

شۇ چاغدا تاش ئۈستىدە بىر چۈمۈلە ئۇخلاۋاتقان ئىكەن،ئۇ تۇيۇقسىز

ئۈستى ـ بېشى ھۆل بولغاندەك ھېس قىپتۇ . چۈمۈلە كۆزلىرىنى ئېچىپ:

ـ ھوي،يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ ـ دە! نېمانچە قاتتىق ياغىدىغاندۇ بۇ

يامغۇر ! ـ دەپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپتۇ ۋە يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ .توغرا

ئەمەس ! توغرا ئەمەس ! يامغۇر ياغماپتۇ،بەلكى كىچىك مۆشۆكئېيىق يىغلاۋېتىپتىغۇ!



شۇنىڭ بىلەن چۈمۈلە سوراپتۇ:

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم كىچىك مۆشۆكئېيىق،سەن نېمىشقا يەردە

ئولتۇرۇۋېلىپ يىغلايسەن؟

كىچىك مۆشۆكئېيىق ئازاپلانغان ھالدا:

ـ ھۆ،ھۆ ھۆ....ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ....ھۆ،ھۆ،ھۆ ! مەن يىقىلىپ كەتتىم !



ـ دەپتۇ .


چۈمۈلە ئەجەپلەنگەن هالدا سوراپتۇ:

ـ يىقىلىپ كەتتىم؟ئەمسە سەن نېمىشقا ئورنۇڭدىن تۇرمايسەن؟

كىچىك مۈشۈكئېيىق بىر تەرەپتىن يىغلاپ،يەنە بىر تەرەپتىن جاۋاپ بېرىپتۇ:

ـ هۇ،هۇ،هۇ...مەن ئاپامنىڭ كېلىپ مېنى يۆلەپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ قويىشىنى ساقلاۋاتىمەن !

بۇنى ئاڭلىغان چۈمۈلە قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ،كۈلە ـ كۈلە ئېھتىياتسىزلىقتىن تاش ئۈستىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.ئەستەغفىرۇللاھ ! ماۋۇ قىزىقچىلىقنى كۆرۈڭ !



ـ دەپتۇ چۈمۈلە كۈلۈشتىن ئاران توختاپ.

كىچىك مۈشۈكئېيىق چۈمۈلىنىڭ يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە دەرهال چۈمۈلىنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بوپتۇ.بىراق چۈمۈلە ﴿سۇبهاناللاھ،ئەلهەمدۇلىللاھ ۋەللاهۇ ئەكبەر،ئاللاھتىن باشقا هېچبىر كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېگىسى يوقتۇر﴾ دېگىنىچە ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە :

ـ بىز چۈمۈلىلەر يىقىلىپ كەتسەك هەرگىز باشقىلارنىڭ يۆلەپ قويۇشىنى كېرەك

قىلمايمىز،ئۆزىمىز ئورنىمىزدىن تۇرىمىز. ـ دەپتۇ ۋە:

ئاللاھ ماڭا كۈچ بەردى،

پۇت ـ قولۇمنۇ ھەم ساغلام.

گەر يىقىلىپ چۈشكەندە

دەس تۇرىمەن مەن شۇئان.

ئاللاھىمغا تەشەككۈر،

مەن بولمىدىم ناشۈكۈر،

يىغلىمايمەن،خۇشالمەن،

ئۆنى قىلىپ كۆپ زىكىر.



دەپ شېئىر ئوقۇپتۇ.

بۇلارنى ئاڭلىغان كىچىك مۈشۈكئېيىق بەك ئوڭايسىزلىنىپ،يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ.



ئۇمۇ ئاللاھۇ ئەكبەر...دەپلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ، ئۈستى-بېشىدىكى توپىلارنى قېقىپتۇ ۋە كۆزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپتۇ.ئۇ ئۆزىچە:

-مېنىڭ كىچىك چۈمۈلە دوستۇم چېغىدا يىقىلىپ كەتسە يىغلىمايدىكەن ۋە ئۆزى ئورنىدىن تۇرىدىكەن،ھەرگىز ئاپىسىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويۇشقا چاقىرمايدىكەن.ئۇ



نېمانچە باتۇر ! مەنمۇ بۇندىن كېيىن ئۇنىڭدەك باتۇر بالا بولۇپ يىغلىمايمەن ۋە ھەرقانداق ئىشقا ئۇچرىسام ئاپامنى ياردەمگە چاقىرىپ تۇرىۋالمايمەن.ئاللاھ ماڭا ياردەم قىلىدۇ -دەپتۇ ۋە شۇندىن كېيىن يىغلىمايدىغان،بەك باتۇر بالا بوپتۇ.





# مايمۇنچاقنىڭ كىيىم كىيىشنى ئۆگىنىشى

ياپيېشىل تاغدا بىر ئالتۇنرەڭلىك ئوماق مايمۇنچاق بار ئىكەن.ئۇ ھەمىشە ئاپىسىغا ئەركىلەپ كىيىملىرىنى ئۆزى كىيمەي ئاپىسىنى كىيگۈزۈپ قويغىلى سالىدىكەن.



چىرايلىق ياز كۈنلىرى كەپتۇ،مايمۇنچاق ئورمانلىقتىكى مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بېرىپتۇ.بىر كۈنى مايمۇنچاق دوستلىرى بىلەن دەرەختىن دەرەخكە سەكرەپ خوشال-خورام ئويناۋېتىپ،تۇيۇقسىزلا قۇرۇق دەرەخ شېخىغا كىيىمى ئىلىنىپ قاپتۇ ۋە يىقىلىپ پاتقاق يەرگە

چۈشۈپ كېتىپتۇ.ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ  قارىسا مايكىسى يىرتىلىپ كەتكەن،ئىشتىنى ۋە ئايىغىمۇ لاي ـ پاتقاقتا بۇلغىنىپ مەينەت بوپ كەتكەن  ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ



مومىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىيىم يەڭگۈشلىمەكچى بوپتۇ.

ئۇ كىيىم ئىشكاپىنى ئېچىپ سۇلياۋ خالتا ئىچىدىن ئاپىسى يېڭىلا ئېلىپ بېرىپ تېخى كىيىپ باقمىغان يېشىل رەڭلىك مايكىسى،كۆلرەڭلىك ئىشتىنى،ۋە كۆن توسۇيدىغان ھاۋارەڭ شەپكىسى،توپچىلار ئايىغىنى كۆرۈپتۇ ـ دە،شۇلارنى كىيمەكچى بوپتۇ.بىراق بۇ يەردە كىيىمنى كەيگۈزۈپ قويىدىغان ئاپىسى  يوق،مومىسى بولسا ئۇخلاپ قالغان ئىكەن.شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىيىملىرىنى ئۆزى كىيمەكچى بوپتۇ.

ئۇ كىيىملىرىنى ئېلىپ كەيمەكچى بولۇپ تۇرۇپلا ئاپىسىنىڭ كىيىم كەيگەندە بىسمىللاھ دەپ باشلايدىغانلىقىنى ۋە يېڭى كىيىم كەيگەندە قانداقتۇر بىر دۇئالارنى ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ.ئۇ بىسمىللاھ دەپتۇ،ئەمما قانداق دۇئا قىلىشنى بىلمەپتۇ،بولدىلا كىيىۋېرەيچۇ،دەپ ئۆزى كىيىم كىيىشنى باشلىۋېتىپتۇ.



ئۇ مايكىنى ئېلىپ پۇتىغا سىپىپ بېقىپتۇ،كىيگىنىم توغرىمۇ؟ خاتا،مايكا دېگەننى

چوقۇم ئۇچسىغا كىيدۇ ئەمەسمۇ!ئاپىسى شۇنداق كەيگۈزەتتىغۇ.ئاندىن ئۇ قىسقا كۆلرەڭ ئىشتاننى ئاپتۇ ۋە ئىشتاننى بوينىغا يۆگەپ بېقىپتۇ،توغرىمۇ؟خاتا،ئىشتان دېگەننى پۇتىغا كىيدۇ ئەمەسمۇ! ئاندىن ئۇ كۆن توسۇيدىغان شەپكىسنى ئاپتۇ ۋە پۇتىغا سېپىپ بېقىپتۇ،يەنە بىر پاي قېنى؟!ها،ها،ها...بۇ پايپاق ئەمەس،شەپكە تۇرسا،ئەلۋەتتە ئۇنى بېشىغا كىيىشىم كېرەك ! مايمۇنچاق ئاندىن ئاياغنى ئېلىپ مىك تەستە پۇتىغا كىيىپتۇ.ۋاھ ! كىيىملىرىمنى كىيىپ بولدۇم !ئۆزۈم كىيەلىدىم ! ھا،ھا،ھا ...مايمۇنچاق بەكمۇ خۇشال بولۇپ ئەينەك ئالدىدا ئۆزىگە زوقلىنىپ قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.بىر كۆزەينەكنى



ئېلىپ تاقىۋاپتۇ تېخى !

ـ ھى،ھى،ھى...تۇيۇقسىز يەنە باشقا كۈلكە ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپتۇ.چۆچۈپ كەتكەن مايمۇنچاق شۇنداق كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ،مومىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ـ ماشائاللاھ ئوماق نەۋرەم ! ئۆزۈڭنىڭ كىيىمنى ئۆزۈڭ كىيەلەيدىغان بوپسەندە؟يېڭى كىيىمىڭ خويمۇ يارىشىپتۇ،مۇبارەك بولسۇن !‹يېڭى كەيگىن،ياخشى ياشىغىن،شېھىت بولۇپ كەتكىن ›بالام ـ دەپتۇ مومىسى.

ـ رەھمەت موما،بىراق مەن يېڭى كىيىم كەيگەندە قانداق دۇئا قىلىشنى بىلمەيدىكەنمەن،ئاران بىسمىللاھلا دېيەلىدىم، ـ دەپتۇ مايمۇنچاق ئەركىلەپ تۇرۇپ.



ـ ئاللاھقا شۈكرى،ئەقىللىق بالام،بارغانسېرى ياخشى بالا بولۇپ كېتىۋاتىسەن.مۇشۇنداق ھەربىر يۈرۈش ـ تۇرۇشىڭدا،كىيىم كىيىشىڭدە،يېمەك ـ ئىچمىكىڭدە سۈننەتكە رىئايە قىلساڭ ئاللاھ سېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ،ھەممىمىز ساڭا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىمىز.يېڭى كىيىم كەيگەن ۋاقتىڭدا ئاۋال بىسمىللاھ دەپ ئوڭ تەرىپىڭدىن باشلايسەن ۋە :« جىمى ھەمدۇ ـ سانا مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىسىز ماڭا مۇشۇ رىزىقنى بەرگەن،مۇشۇ كىيىمنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر»دەيسەن بالام،ئاندىن ئاياغ كەيگەن چاغدا ئوڭ پۇتۇڭغا ئاۋال كىيىسەن،ئاندىن سول پۇتۇڭغا كىيىسەن؛ئاياغنى سالغاندا بولسا سول پۇتۇڭغا كەيگەن ئاياغنى ئاۋال سالىسەن،ئوڭ پۇتۇڭنىڭكىنى ئاخىرىدا سالىسەن.مانا بۇلار كىيىنىشتىكى سۈننەتلەر ۋە ئەدەپلەردۇر جېنىم بالام،پەيغەمبىرىمىز بىزگە شۇنداق ئۆگەتكەن،بۇلارنى ھېچ ئۇنۇتما



قوزام، ـ دەپتۇ مومىسى مايمۇنچاقنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ مايمۇنچاق ئاخىرى ئۆزى كىيىم كىيەلەيدىغان بوپتۇ ۋە كىيىم كىيىشنىڭ سۈننەتلىرى،ئەدەبلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ. ھەممەيلەن مايمۇنچاقنى :

ـ قاراڭلار،مايمۇنچاق نېمە دېگەن ئەقىللىق،رەتلىك،ئوڭلۇق بالا بوپ كەتكەن ھە!ـ دەپ ماختىشىدىغان بوپتۇ.




# ۋاپادار چۈجىلەر

بۇرۇنقى زاماندا ئاپئاق بىر مىكيان ئاپا بولغان ئىكەن.ئۇنىڭ ئۈچ چۈجىسى بار ئىكەن.تەڭ تۇخۇمدىن چىققان بۇ ئوماق چۈجىلەر بىر ـ بىرىدىن ئوماق،ئەقىللىق ۋە



كۆيۈمچان چوڭ بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار ئويناپ ـ ئويناپ مەكتەپكە بېرىپ قاپتۇ. بىر سىنىپنىڭ دېرىزىسىدىن

قارىسا، بىر خوراز مۇئەللىم سىنىپتىكى باللارغا ئاپىسىغا كۆيۈنىدىغان ۋاپادار بالا  توغرۇلۇق

ھېكايە  سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئىكەن. ھېكايە تۈگىگەندە خوراز مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا:

ـ ئوماق باللىرىم، ئاپائلار سىلەرنى جاپا تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلدى، ئاپائلارغا كۆيۈنئلار، كۈچۈئلار يەتكەن ئىشنى قىلىپ ئۇنئغا ياردەملىشئلار. شۇنداق قىلسائلار ئاپائلارنىڭ ئەجرىگە رەھمەت ئېيتقان بولىسىلەر. ئاپائلارمۇ بەك خۇش بولىدۇ، ئاپائلار خۇشال بولسا ئاللاھمۇ سىلەردىن خۇشال بولىدۇ ۋە سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ‹ ھەممەيلەنگە ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن ›دەپ باللارنى ئاپىسىغا كۆيۈنۈش ۋە ئاپىسىنى ياخشى كۆتۈشكە دەۋەت قىلغان. ئاپىسىغا ۋاپادار، كۆيۈمچان، ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئائلايدىغان  باللارنى ھەممىلا ئادەم ياخشى كۆرىدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھ خالىسا ھەتتا جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ـ دەپتۇ .



كىچىك چۈجىلەر گەرچە مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى تازا چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق

ئاپائلارغا ياردەملەشسەئلار، ئۇنئغا كۆيۈنۈپ ياخشى بالا بولسائلار، ئاناڭلارنى رازىمەن

قىلسائلار ئاللاھ جەننەتكە ئەكىرىدۇ، دېگەننى چۈشىنىپتۇ ۋە بەك خۇشال بولۇشۇپ

چۇكۇلدىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كەلگۈچە قانداق قىلساق ئاپىمىزغا ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭ

ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەلەيمىز، دېگەنلەرنى سۆزلىشىپتۇ.



ئۇلار ئۆيگە كېلىپ قارىسا ئاپىسى يوق ئىكەن. كىچىك

چۈجىلەر بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپىمىزغا ئازراق ئىش قىلىشىپ بېرەيلى، دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە ئۇلار قىلالايدىغان ئىش ئىزدەپتۇ. بىرى ئۆيدىكى قالايماقان تاشلانغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپتۇ، يەنە بىرى سۈپۈرۈپتۇ، يەنە بىرى تەكچە، دېرىزىلەرنى پاك-پاكىزە سۈرتۈپتۇ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپتۇ. ۋاھ، ئۆينىڭ ئىچى پاك-پاكىزە، رەتلىك ۋە ساپ ھاۋا بىلەن شۇنچىلىك يېقىملىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇلار ئاشخانىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە ھەرخىل كۆكتاتلار تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بىر چۈجە چامغۇرنى ئېلىپ دەپتۇ: « چامغۇر، چامغۇر، گەپ ئاڭلا، مەن سېنىڭ



يۈزۈڭنى يۇيۇپ قوياي»

يەنە بىر چۈجە سەۋزىنى ئېلىپ دەپتۇ: «سەۋزە، سەۋزە، گەپ ئاڭلا، مەن سېنىڭ



بېشىڭنى يۇيۇپ قوياي»

يەنە بىر چۈجە پەمىدۇرنى ئېلىپ دەپتۇ: « پەمىدۇر، پەمىدۇر، گەپ ئاڭلا، مەن سېنى



يۇيۇندۇرۇپ قوياي»

بىر دەمدىن كېيىن مىكىيان ئاپا ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.ئۇ ئۇستەل ئۈستىدە بىرمۇنچە



پاكىزە يۇيۇلغان كۆكتاتلار تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ چۈجىلەر تېخىچە تەرلەپ ـ تەپچىرەپ كۆكتات يۇيۇش بىلەن ئالدىراش ئىكەن.مىكىيان ئاپا ئۇلارغا قاراپ ھەممىنى چۈشىنىپتۇ ،ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ،سۆيۈپ كېتىپتۇ ۋە خۇشاللىق بىلەن:

ـ ماشائاللاھ ،ئوماق چۈجىلىرىم،ئاپاڭلارنىڭ كىچىك ياردەمچىسى بولۇپسىلەر، ئىش قىلىشىپ بەرگىنىڭلاردىن بەك خۇش بولدۇم، سىلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!ـ دەپتۇ.

چۈجىلەر ئاپىسىنىڭ خۇش بولغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇش بوپتۇ ۋە:

ـ ئاپا سىز خۇش بولسىڭىز ئاللاھمۇ بىزدىن خۇش بولىدىكەن،شۇڭا بىز بۇندىن كېيىن سىزگە تېخىمۇ كۆپ ياردەملىشىپ ئىش قىلىشىپ بېرىمىز ـ دەپتۇ.



كىچىك چۈجىلەر ھەقىقەتەن شۇندىن كېيىن ھەردائىم ئاپىسىغا ياردەملىشىدىغان،تېخىمۇ كۆيۈنىدىغان،ۋاپادار چۈجىلەر بوپتۇ.




# ئۈچ كېپىنەك

بۇرۇنقى زاماندا رەڭدار گۈل-چېچەكلەر ھۆپپىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن بىرگۈزەل باغچىدا ئۈچ كېپىنەك دوست ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى قىزىل، بىرى سېرىق ۋە يەنە بىرى ئاق رەڭلىك ئىكەن.

بۇ ئۈچ كېپىنەك بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن دوست بولغاچقا، ھەركۈنى بىللە يۈرىدىكەن، بىللە مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىكەن، بىللە قۇرئان ئۆگىنىدىكەن، قۇرئان

يادلايدىكەن، بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدىكەن، باشقىلارغا ياردەم قىلىدىكەن. بىكار بولغان ۋاقىتلىرىدا باغچىدا ناخشا ئېيتىدىكەن، ئۇسسۇل ئوينايدىكەن ۋە ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايدىكەن.



بىر كۈنى ئۇلار مەسچىتتىن ناماز ئوقۇپ چىقىپ، باغچىدا خوشال ـ خورام ئويناۋاتقاندا تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئۆيى يىراق بولغاچقا يامغۇردا قايتىپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋاي، تېزرەك بىر يەرگە بېرىپ يامغۇر توختىغىچە پاناھلىنىپ تۇرايلى، دېيىشىپ بىرلىكتە باغچا ئىچىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ.



ئۇلار بۇك ـ باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن بىر تۈپ ئاقگۈلنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىپتۇ. ئاقگۈلنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن كېپىنەكلەر ئەدەپ بىلەن ئاقگۈلگە سالام قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈنگەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:



ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاقگۈل ھەدە، يامغۇر بىزنىڭ قاناتلىرىمىزنى ھۆل قىلىۋەتتى، بىز يامغۇر توختىغىچە سىزنىڭ بەرگىلىرىڭىز ئاستىدا يامغۇردىن پاناھلىنىۋالساق بولامدۇ؟

ئاقگۈل ئۇلارغا:

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،ئاق كېپىنەكنىڭ رەڭگى مېنىڭكىگە ئوخشايدىكەن،ئۇ كىرسۇن،قالغانلىرىڭلار كىرمەڭلار ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



ئاقگۈلنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان كېپىنەكلەر تەڭلا ئۈنىڭغا:

ـ بىز دېگەن ئاللاھ يولىدا دوست بولۇشقان ئايرىلماس جانجىگەر دوستلار،پاناھلىنىشقا كىرسەك تەڭ كىرىمىز،كىرمىسەك تەڭلا كىرمەيمىز ـ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كېپىنەكلەر ئاقگۈلنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ باغچىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ.يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپتۇ،ئۇلارنىڭ قاناتلىرى ھۆل بولۇپ ئۇچۇشى تېخىمۇ تەسلىشىپتۇ.كېپىنەكلەر ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىر تۈپ يوپۇرماقلىرى چوڭ،ئېگىز ئۆسكەن سېرىق گۈلنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تەڭلا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئىلتىجا قىپتۇ:



ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم،سېرىق گۈل ھەدە،يامغۇر يېغىپ بەك توڭلاپ كەتتۇق ھەم قاناتلىرىمىز ھۆل بولۇپ ئۇچالماي قالدۇق،يامغۇر توختىغىچە يوپۇرماقلىرىڭىزنىڭ ئاستىغا كىرىپ بىردەم يامغۇردىن دالدىلىنىۋالساق بولامدۇ؟

سېرىق گۈل ئۇلارغا:

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،سېرىق كېپىنەكنىڭ رەڭگى مېنىڭكىگە ئوخشايدىكەن،ئۇ كىرسۇن،قالغان ئىككىڭلار كىرمەڭلار ـ دەپتۇ.



بۇنى ئاڭلىغان كېپىنەكلەر تەڭلا ئۇنىڭغا:

ـ بىز دېگەن ئاللاھ يولىدا دوست بولۇشقان ئايرىلماس جانجىگەر دوستلار، نېمشقا بىر بىرىمىزنى تاشلاپ قويغۇدەكمىز؟ئۆزىمىز راھەتكە ئېرىششپ،دوستىمىزنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدە قېلىشىنى بىز ھەرگىز ياقتۇرمايمىز، ئاللاھمۇ ھەم بۇنداق قىلىشىمىزنى ياقتۇرمايدۇ. پاناھلىنىشقا كىرسەك تەڭ كىرىمىز،كىرمىسەك تەڭلا كىرمەيمىز ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋە سېرىق گۈلنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ كېتىپ قاپتۇ.

يامغۇر ئەمدى شارقىراپ تېخىمۇ ئىتتىك يېغىشقا باشلاپتۇ.ئۇلار تەسلىكتە ئۇچۇپ يۈرۈپ بىر تۈپ قىزىلگۈلنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.ئۇلار قىزىلگۈلگە ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:



ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم قىزىلگۈل ھەدە،يامغۇر سۈيى كۈچ بىلەن ئۇرۇلۇپ قاناتلىرىمىزنى ئاغرىتىۋەتتى،ئۇچۇشتىن بەك قىينىلىپ قېلىۋاتىمىز ھەم شۇنداق توڭلاپ كەتتۇق.بىز يامغۇر توختىغىچە يوپۇرماقلىرىڭىزنىڭ ئاستىدا يامغۇردىن پاناھلىنىۋالساق بولامدۇ؟

قىزىلگۈل ئۇلارغا :

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،قىزىل كېپىنەكنىڭ رەڭگى مېنىڭكىگە ئوخشاش قىزىلكەن،ئۇ كىرسۇن،قالغان ئىككىڭلار كىرسەڭلار بولمايدۇ ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.



ئۈچ كېپىنەك بۇنى ئاڭلاپ تەڭلا بېشىنى چايقاپ:

ياق،ياق ! بىز دېگەن جاپادىمۇ،ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولىدىغان، ئاللاھ ئۈچۈن دوستلاشقان يېقىن دوستلار.قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بولسۇن ياكى بەختلىك ياشاۋاتقاندا بولسۇن ھەرگىز بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز.يامغۇردىن پاناھلىنىشقا كىرسەك تەڭ كىرىمىز،كىرمىسەك تەڭلا كىرمەيمىز، ـ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ كېپىنەك يامغۇردا قېلىپ باغچىدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.بىر بىرىدىن زادىلا ئايرىلماپتۇ.



بۇ چاغدا قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدا تۇرۇپ بۇ ئۈچ كېپىنەكنى كۆرۈپ تۇرغان ئىكەن.ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا ۋە ئىجىل ـ ئىناقلىقىغا مەستلىكى كەلگەن قۇياش كۈلۈمسىرەپ چىقىپتىكەن،بۇلۇتلار قورقىنىدىن يىراقلارغا قېچىپ كېتىپتۇ.يامغۇر توختاپ،قۇياش نۇر چېچىشقا باشلاپتۇ.قۇياشنىڭ ئىللىق هارارىتىدىن ئۈچ كېپىنەكنىڭ قاناتلىرىدىكى يامغۇر سۇلىرى قۇرۇپ كېتىپتۇ.بۇ ئۈچ كېپىنەك:

ـ ئەلهەمدۇلىللاه ! ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن يامغۇر توختىدى ـ دەپ شادلىنىپ، يەنە ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمگەن باغچىدا خوشال ـ خورام ئويناشقا باشلاپتۇ.ئۇلار خوشاللىقىدا:

بىز ئۈچىمىز ئاللاھ دەپ

دوست بولۇشقان قېرىنداش.

ئايرىلمايمىز هېچقاچان

يامغۇر ياغسىمۇ ئوخشاش.

خۇشپۇرىغان باغچىدا،

مەيىن ئۈچقان شامالدا،

ئاللاھىمىنىڭ رەھمىتى

باردۇر هەرچاغ،هەرجايدا.

كۆكتە قۇياش پارلايدۇ،

دوستلۇق كۈيى ياڭرايدۇ.

دەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.قۇياشنىڭ ئۇلارغا تېخىمۇ ئامراقلىقى كېلىپ:

ماشائاللاه، بالىلىرىم ! ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن. شۇنداق ئىناق،ئايرىلماس دوستلىقىڭلارغا قاراپ بەكمۇ خۇشال بولىۋاتىمەن.مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈڭلار، ـ دەپتۇ.




كېپىنەكلەر كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ بەس ـ بەس بىلەن:

رەھمەت سىزگە ،ئاللاھ ھەممىمىزگە رەھمەت قىلسۇن.ئۇستازىمىز ۋە ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە داۋاملىق: « باللىرىم،بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :«بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار،چۈنكى پادىدىن ئايرىلىپ قالغان قوي بۆرىگە يەم بولىدۇ.»(نەسائىي رىۋايىتى) دېگەن ھەدىسىنى ھېچقاچان ئۇنۇتماڭلار. بىر ـ بىرىڭلارغا ھەرۋاقىت ياخشىلىق قىلىڭلار،قېرىنداشلىرىڭلارنى تاشلاپ قويمىغانلىقىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا چوڭ ياخشىلىق قىلغانلىقىڭلاردۇر.شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھمۇ سىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلاتتى.شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنى قۇلىقىمىزدا چىڭ تۇتۇپ،بىر ـ بىرىمىزدىن ھەرگىز ئايرىلماي ئىناق ئۆتىمىز، ـ دېيىشىپتۇ.



قۇياش ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا تېخىمۇ مەستلىكى كەپتۇ ۋە ئالتۇن نۇرلىرىنى ئايىماي چېچىشقا باشلاپتۇ.ھەسەن ـ ھۈسەن كۆپكۆك ئاسماندا جۇلالاپتۇ.ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمگەن باغچا ئىچىدە كېپىنەكلەر يەنىمۇ خۇشال ـ خورام ئويناشقا باشلاپتۇ.




# گۈل قىز بىلەن كۆل قىز



بۇرۇنقى زاماندا ،قۇشلار،ھايۋانلار ئادەملەردەك
سۆزلەيدىغان،ئاسماندىن گۈل ـ چېچەكلەر تۆكۈلىدىغان گۈزەل بىر جايدا گۈل قىز ۋە ئايقىز
دەپ ئىككى قىزچاق ياشايدىكەن. گۈل قىز كىچىكىدىنلا قەلبى ئاللاھقا
باغلانغان،شۇنچىلىك ئوماق،ئەدەبلىك بىر قىزچاق ئىكەن.ھەردائىم چىرايلىق كۆڭلەك
كىيىپ،بېشىغا ياغلىق ئارتىپ، تاھارىتى بىلەن پاك ـ پاكىزە يۈرىدىكەن.ناماز ۋە باشقا
ئىبادەتلەرنى شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن ئۆتەيدىكەن.شۇڭا ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن نۇر
يېغىپ،ئوماق چېھرىدىن ھەردائىم ئىمان نۇرلىرى پارلاپ تۇرىدىكەن.ئۇنىڭغا ئادەملەرلا
ئەمەس،قۇشلارمۇ،ھايۋانلارمۇ ئامراق ئىكەن.ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ بەدىنىدىن
شۇنداق خۇشپۇراقلار تارايدىكەنكى،ئۇنىڭغا مەسلىكى كەلگەن قۇشلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا
ۋىچىرلاپ ئۇچۇپ،باشلىرىغا گۈل تاشلايدىكەن،رەڭدار كېپىنەكلەر ئۇچۇپ كېلىپ
قونىۋالىدىكەن.قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى چاچىدىكەن.گۈلقىز ناماز ئوقۇپ بولغاندا ئۇلار
بىلەن بىللە ئوينايدىكەن ۋە ئۇلارغا يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ
بېرىدىكەن،ناخشىلىرىدىنمۇ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى ياڭرايدىكەن:

مەن مۇسۇلمان قىزىمەن،

بېشىمدا بار ياغلىقىم.

كىيىپ چىرايلىق كۆڭلەك،

ناماز ئوقۇش شاتلىقىم.

دىلىم مېنىڭ تەلپۈنەر،

ئاللاھىمغا شۇقەدەر.

زىكىر قىلسام مەن ئۇنى

ئۇ مېنىڭدىن سۆيۈنەر.

يۈرىكىمدە بىر ئاللاھ

لا ئىلاھە ئىللەللاھ....



گۈل قىز تۇرىدىغان مەھەللىگە يېقىن بىر جايدا ئاي قىز ئىسىملىك يەنە بىر قىز بار ئىكەن.ئۇنىڭ ھېچ ناماز بىلەن خۇشى يوق ئىكەن،بېشىغا ياغلىقمۇ ئارتمايدىكەن.گەرچە ئۇمۇ شۇنداق ئوماق بىر قىز بولسىمۇ لېكىن ھېچبىر مۇسۇلمان قىزغا خاس
تۇرقى،ئەدەب ـ خۇلقى بولمىغاچقا باشقىلار ئۇنى
ياقتۇرمايدىكەن.قۇشلار،كېپىنەكلەر،ھايۋانلار ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدىكەن،لېكىن ئايقىز بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەستىن قۇشلارنىڭ،كېپىنەكلەرنىڭ،ھايۋاناتلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئۇلارنى تېخىمۇ بىزار قىلىدىكەن،ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ كۆنىكىگە تاش ئاتىدىكەن،دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ،شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى سۇندۇرىدىكەن،قۇشلارنىڭ

ئۇۋىسىدىن تۇخۇملىرىنى، بالىلىرىنى ئوغۇرلاپ قۇشلارنى خاپا قىلىدىكەن.



دائىم شوخلۇق،كەپسىزلىك قىلىپ كىر-مەينەت يۈرگەچكە قۇشلار،ھايۋانلار ئايقىزنى «كۆل قىز» دەپ چاقىرىدىكەن.ئايقىزنى يىراقتىن كۆرسىلا،ۋاي، تېز قېچىڭلار ! كۆل قىز كەلدى! -دەپ بىر-بىرىگە خەۋەر قىلىپ يىراقلارغا قېچىپ كېتىدىكەن ۋە مۆكۈۋالىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ،ئايلار ئۆتۈپتۇ، گۈل قىز بىلەن كۆلقىز ياشايدىغان جايدا ئالتۇنرەڭ كۈز دىن كېيىن،ئاپئاق قار تولغان قىش باشلىنىپتۇ.تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتە-كۈتە... سوغۇق قىش ئايلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ ئىللىق ۋە گۈزەل باھار كۈنلىرى كەپتۇ.قۇياش ئىللىق نۇر چاچقان،گۈل-چېچەكلەر پورەكلەپ ئېچىلغان،كېپىنەكلەر،ھەسەل ھەرىلىرى گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن،تورلۇك-تۈمەن قۇشلار ۋىچىرلاپ سايرىشىۋاتقان چىرايلىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە گۈل قىز بىلەن كۆلقىز تەڭلا ئورمانلىققا ئوينىغىلى بېرىپتۇ.



گۈل قىز ئورمانلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ

قۇشلار،كېپىنەكلەر،ھايۋاناتلار ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ ۋە ئەسسالامۇئەلەيكۇم گۈلقىز،خۇش كەلدىڭىز، -دەپ بەس-بەستە سالام قىلىشىپتۇ.گۈللەر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ

تەزىم قىپتۇ.قىزىرىپ پىشقان ئاچچىق-چۈچۈك بۆلجۈرگەنلەر ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي مېنى
ئۈزۈڭ مېنى...مەن ئەڭ تاتلىق...دەپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ.ئۇ ئورمانلىقتىكى
ھەربىرەيلەنگە ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن سىلەرگە...دەپ چىرايلىق
گەپ قىلغاچ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.كېيىكلەر،توشقانلار گۈلقىزنىڭ سېۋىتىگە قىپقىزىل
بۆلجۈرگەنلەرنى،گۈل-چېچەكلەرنى ئۈزۈپ كېلىپ تولدۇرۇۋېتىپتۇ.



كېپىنەكلەر ئۇنىڭ باش ئۈستىلىرىگە قونۇشۇپ،ھايۋانلار
ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ئېسىلىپتۇ. گۈل قىز ئۇلارنى قوللىرىغا ئېلىپ مېھىر بىلەن



باش-كۆزلىرىنى سىيلاپتۇ. ،ئۇلارغا
قىزنىقارلىق چۆچەكلەرنى،يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.ناخشا ۋەكۈلكە سادالىرى
ئورمانلىقنى چاڭ كەلتۈرۈپ،ھەممەيلەن خۇددى ھېيت بولغاندەك خوشال-خوراملىققا
چۆمۈپ كېتىپتۇ.

گۈلقىزغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئورمانلىقتا «كۈلقىز» مۇ ھەدەپ شۇ
قۇشلار،ھايۋانلار،كېپىنەكلەر بىلەن ئويناش ئۈچۈن پاي-پېتەك بولۇپ
يۈرگەننىكەن.ھالبۇكى،ئۇ قۇشلارنىڭ يېنىغا كەلسىمۇ
قاچىدىكەن،كېيىكلەرنىڭ،توشقانلارنىڭ،تىيىنلارنىڭ ...يېنىغا كەلسىمۇ
قاچىدىكەن،كېپىنەكلەرمۇ گۈللەر ئارىسىغا ئۆزىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىمايدىكەن.پورەكلەپ
ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر قاپىقىنى تۈرۈپ،ئۇنى كۆرسىلا يۇمۇلۇۋالىدىكەن.مەيىن شاماللار
گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىنى كۈلقىزدىن ئېلىپ قېچىپ،گۈلقىزنىڭ دىماقلىرىغا
ئۇرىدىكەن.بۇنى كۆرگەن كۈلقىزنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولۇپ كېتىپتۇ،ئۇلار
نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟نېمىشقا مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟دەپ ئويلاپ يىغلاپ
كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاغرىغان ئاقكۆكۈل قۇشلار،ھايۋانلار ئاستا-ئاستا
ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ ۋە سەل نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپتۇ.كۈلقىز ئۇلارنى قوغلىماستىن

ئۇلارغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ،بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ.ئوماق كەپتەر بىلەن ئاسلانچاق ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلايسىز؟ـ دەپ سوراپتۇ.

كۆلقىز:

ـ سىلەر نېمىشقا مەندىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرىسىلەر؟سىلەر ماڭا شۇنداق ئۆچمۇ؟ـ دەپ سوراپتۇ ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ تۇرۇپ.

كەپتەر ئۇنىڭغا:

ـ ئەگەر سىزمۇ گۈلقىزدەك بولسىڭىز ئىدى،سىزگىمۇ شۇنداق ئامراق بولاتتۇق،ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.



ـ گۈلقىز دېگەن كىمۇ؟ـ دەپتۇ كۆلقىز ھەيران بولۇپ.
شۇنىڭ بىلەن كەپتەر بىلەن مۈشۈك ئۇنىڭغا گۈلقىزنىڭ نامازلىرى،ئېسىل خۇلقى ـ ئادەتلىرى،كىيىنىشلىرى،ئىمان نۇرى پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق ، گۈزەل چىھرى ھەققىدە سۆيۈنۈش بىلەن سۆزلەپ كېتىپتۇ ۋە ناۋادا سىزمۇ شۇنداق قىز بولسىڭىز سىزنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ،ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ھەممە ياخشى كۆرىدۇ بىزمۇ ھەم سىزگە ئامراق بولىمىز ـ دەپتۇ.بۇنى ئاڭلىغان كۆلقىز گۈلقىزغا بەكمۇ ھەۋەس قىپتۇ،مېنى گۈلقىزنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلارچۇ،ئۇنىڭ بىلەن دوست بولاي ۋە ئۇنىڭدەك قىز بولاي،ـ دەپ ئۇلاردىن ئۆتۈنۈپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆلقىزنى گۈلقىزنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ،ئۇلارنى



دوستلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. گۈلقىز كۆلقىزغا ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنى ،ئۇ بۇيرىغان ۋە ئۇ ياخشى كۆرۈدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى،پەزىلەتلىك بولۇشنى ،شۇندىلا ئاللاھمۇ ۋە باشقىلارمۇ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەممە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ،كۆلقىزغا ئۆزىنىڭ چىرايلىق كۆڭلەك ۋە ياغلىقلىرىنى بېرىپ،ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان قىزلىرىغا شۇنداق كىيىنىشنى

بۇيرىغانلىقىنى ۋە بۇ كىيىم بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە ئوماق قىز بولىدىغانلىقىنى،ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ـ رەھمىتىگە ،ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتى ۋە ئامراقلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

گۈلقىزنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى يورۇپ،ئاللاھ ۋە ئىمانغا تەلپۈنگەن كۆلقىز چىرايلىق ياغلىق ۋە كۆڭلەكلەرنى كىيىپ گۈلدەك ئېچىلىپ،ئىسمىدەك نۇرلۇق ۋە گۈزەل ئايغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.ئۇ ئەمدى ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ئايقىز بوپتۇ ! ئۇنى كۆرگەن قۇشلار،گۈل ـ گىياھلار،ھايۋاناتلار،كىشلەر ھەممىسى ماشائاللاھ ! نېمە دېگەن ئوماق قىز بۇ ! ـ دەپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. يۈزلىرىدىن نۇرتۆكۈلىدىغان،تىلىدىن ئاللاھ چۈشمەيدىغان،دىلى ئاللاھنىلا ياد ئېتىدىغان گۈزەل بىر مۇسۇلمان قىزى بوپ



ئۆزگەرگەن ئايقىزغا ھەممەيلەن ئامراق بوپ كېتىپتۇ. قۇشلار،گۈل ـ چېچەكلەر،ھايۋاناتلار ئۇنىڭ دوستىغا،سىرداشىغا ئايلىنىپتۇ،مەيىن شامال خۇشپۇراقلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپتۇ،كۆلسە لەۋلىرىدىن گۈللەر ئېچىلىپ،يىغلىسا كۆزلىرىدىن ئۈنچىلەر تۆكۈلۈپتۇ،ماڭغان يوللىرىدىن خۇشبۇي گۈل ـ گىياھلار ئۈنۈپ چىقىپتۇ.ھەممەيلەن بەس ـ بەستە ئاللاھنى سۆيگەن ۋە ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلغان سالىھ بەندە بولسا نەقەدەر ياخشى !مانا، قاراڭلار بالىلىرىم ئايقىز بىلەن گۈلقىزغا،سىلەرمۇ ئۇلاردەك بولۇڭلار، ـ دەپ ئۇلارنىڭ گۈزەل ئىشلىرىنى،ئەخلاقلىرىنى بالىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارغا تەربىيە قىلىدىغان بوپتۇ.

گۈلقىز بىلەن ئايقىز بىللە ناماز ئوقۇپ،بىللە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ،بىر ـ بىرىنى ياخشىلىقلارغا دەۋەت قىلىدىغان ھەقىقىي يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ ۋە خوشال ـ خورام ،بەختىيار ياشاپتۇ.




# ئاسلانچاقنىڭ بېلىق تۇتۇشى

بۇرۇنقى زاماندا سۇلىرى سۈپسۈزۈك ئاقىدىغان بىر كىچىك دەريا بار ئىكەن.دەريا سۈيى شىرىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىكەن،بېلىقلار دەريادا ئۇياقتىن بۇياققا پىلتىڭلاپ ئۈزۈشۈپ ئوينايدىكەن.



ئاشۇ دەريا بويىدا ئوماق بىر ئاسلانچاق ياشايدىكەن.ئۇ ئاسلانچاق بېلىق يېيىشكە بەكمۇ ئامراق ئىكەن.بىر كۈنى ئۇ ئاسلانچاقنىڭ شۇنداق بېلىق يېگۈسى كەپ كېتىپتۇ ۋە بېلىق تۇتماقچى بولۇپ دەريا بويىغا بېرىپتۇ.دەريا بويىدا  بىر ئېيىق دادا قارمىقىنى سۇغا تاشلاپ قويۇپ،كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئاسمانغا قاراپ غىڭشىپ  ناخشا ئېيتىپ ياتقان ئىكەن.ئۇ ئېيىقنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ:



ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئېيىق دادا بېلىق تۇتىۋاتامسىز؟

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاسلانچاق بالام ،ھەئە بېلىق تۇتىۋاتىمەن،كەل يېنىمدا ئولتۇرغىن، ـ دەپتۇ ئېيىق دادا ئورنىدىن تۇرۇپ.

شۇنىڭ بىلەن ئاسلانچاق ئېيىق دادىنىڭ قانداق بېلىق تۇتۇشىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېيىق دادىنىڭ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن تاشلىغان قارمىقىغا بىر يوغان بېلىق ئىلىنىپتۇ.بۇنى كۆرگەن ئاسلانچاق ھەم ھەيران بولغان، ھەم خۇشال بولغان ھالدا:

ـ ۋاي ـ ۋۇي، قالتىسقۇ! بېلىق تۇتۇش نېمىدېگەن ئاسان ـ ھە! ـ دەپتۇ.

ئاسان دەمسەن؟ ئۇنداق بولسا، سەنمۇ بىرنى تۇتۇپ باققىنچۇ، قېنى ـ دەپتۇئېيىق دادا.

ـ قانچىلىك ئىش ئىدى ئۇ، قاراپ تۇرۇڭ ھە ئەمىسە! ـ دەپتۇ ـ دە، ئاسلانچاق دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، يوغان بىر كارىپ بېلىقى ئاسلانچاقنىڭ قۇيرۇقىنى كۆرۈپ، بۇ كېپىنەك قۇرتى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇنى قاتتىق چىشلىۋاپتۇ.

ئاسلانچاق قۇيرۇقىنى بىر نەرسە تارتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ: ـ ئەي، بۇ چوقۇم كارىپ بېلىقىغۇ! ـ دەپ خۇشاللىقىدىن توۋلاپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇ قۇيرۇقىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھەم ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى تارتقانىكەن، قۇيرۇقى تېخىمۇ بەك ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قويۇۋەتكەنىكەن، كارىپ بېلىقى ئۇنى سۇغا تارتىپ چۈشۈرۈپتۇ.

ئېيىق دادا دەرھال ئاسلانچاقنى سۇدىن قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ: ـ بېلىق تۇتۇشنىڭ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟ ـ دەپتۇ.



ئاسلانچاق ماختانچاقلىق قىلىپ يوغان سۆزلەپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتۇ ،قورقىنىدىن سۇدىن چىقىپ يىغلاپ كېتىپتۇ .ئۇ بېلىق تۇتالمايلا قالماستىن ئىزاغا قالغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاچچىقى كەپتۇ .لېكىن يەنىلا تەكەببۇرلىقى تۇتۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئېيىق دادىغا قاراپ:

ـ ھىم ،مەن ئۆيگە بېرىپ ئاپامدىن قانداق بېلىق تۇتۇشنى سوراپ ئۆگىنىۋېلىپ ئەتە چوقۇم جىق بېلىق تۇتىۋالىمەن ،قاراپ تۇرۇڭ ، ـ دەپتۇ .

ئېيىق دادا يېڭىلگىنىگە ئاسانلىقچە تەن بەرمەيدىغان ئاسلانچاقنىڭ بۇ ئوماق گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋەكۈلۈپ تېلىقىپ يېتىپ قاپتۇ .



ـ ھا ،ھا ئاسلان بالام بوپتۇ ، شۇنداق قىل ،ئەمما ئەتە چوقۇم بېلىق تۇتىمەن دېمەي ،ئىنشائاللاھ ـ ئاللاھ خالىسا بېلىق تۇتىمەن دېگىن .ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە « سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ ، «ئەتە شۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي»خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن) ، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالساڭ ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن) ھەمدە » :پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم ، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن .» دەپ بۇيرىغان .بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ‹ئاللاھ خالىسا› دېيىشىمىز سۈننەتتۇر ، بالام ـ دەپتۇ ئېيىق دادا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ .

ئاسلانچاق ئېيىق دادىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماستىن بېشىنى ئۆرۈپلا :

ـ خوش ئېيىق دادا مەن كەتتىم ،ئاللاھقا ئامانەت ـ دەپتۇ ـ دە ،كېتىپ قاپتۇ .

ئاسلانچاق ئۆيگە قايتىپ بولغان ئىشلارنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئاپىسىدىن قانداق بېلىق تۇتۇشنى دەپ بېرىك،مەن ئۆگىنىۋېلىپ جىق بېلىق تۇتۇپ كېلىمەن ـ دەپ غەلۋە قىپتۇ.ئاپىسىنىڭ: بالام دەپ بەرگەنگىلا بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ،ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىشىڭ كېرەك ـ دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئاپىسىنى ئەتىسى بىللە بېرىپ بېلىق تۇتۇشقا كۆندۈرۈپتۇ.



كېچىچە جىق بېلىق تۇتۇشنى ئويلاپ تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزغان ئاسلانچاق ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.مۇشۇك ئاپا ئاسلاننى باشلاپ دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى مېڭىپتۇ.ئاسلانچاق بېلىق تۇتۇشنىڭ خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتمايلا قاپتۇ.



دەريا بويىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلار قارماقلىرىنى سۇغا تاشلاپتۇ.مۇشۇك ئاپا پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۇ يۈزىدىكى بۇژغۇنلارغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئاسلان ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا،بىر يىڭناغۇچ ئۇچۇپ كەپتۇ.ئاسلان كىچىك ئايروپىلاندەك ئۇياقتىن بۇياققا ئۇچۇپ يۈرگەن يىڭناغۇچقا قىزىقىپ قاپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئاسلانچاق يىڭناغۇچنى ياقتۇرۇپ قېلىپ قارمىقىنى تاشلاپ يىڭناغۇچنى قوغلاشقا باشلاپتۇ.يىڭناغۇچ تۇتۇق بەرمەي ئۇچۇپ كېتىپتۇ.ئاسلان يىڭناغۇچنىڭ كەينىدىن يېتىشەلمەي قۇرۇق قول دەريا بويىغا قايتىپ كەپتۇ.



شۇ ۋاقىتتا مۇشۇك ئاپا قارماق تاشلاپ، بىر چوڭ بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ.

ئاسلانچاقمۇ قولىغا ئېلىپ، چوڭ بىر بېلىق تۇتماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەمدىلا ئولتۇرسا يەنە بىر چىرايلىق كېپىنەك ئۇچۇپ كەپتۇ. ئاسلانچاق ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ قولىدىكى قارماقنى تاشلاپ قويۇپ، كېپىنەكنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئەمما كېپىنەكمۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئاسلان يەنە قۇرۇق قول ئۇمچىيىپ قايتىپ كەپتۇ.



ئۇ قايتىپ كېلىپ ئاپىسىنىڭ چېلەكىدە بىرنەچچە تال چوڭ بېلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاسلانچاق: «ۋايجان! ئەجەپمۇ زېرىكتىم، ئاپام بىرنەچچە تال چوڭ بېلىق تۇتۇپتۇ، مەن بىر تال بېلىجانمۇ تۇتالمىدىم» دەپتۇ.




ئاپىسى ئۇنىڭغا:

ـ بالام ،تۆنۆگۆن سەن ئەتە چوقۇم جىق بېلىق تۇتىۋالىسام، دېگەن ۋاقتىڭدا ئېيىق داداڭ:«‹ئاللاھ خالىسا › دېگىن بالام،بىرئىش قىلماقچى بولغىنىڭدا ئاللاھ خالىسا دېيىشىڭ سۈننەتتۇر،ئاللاھ قۇرئاندا شۇنداق دېيىشنى بۇيرىغان، دېسە قۇلاق سالماي كېتىپسەن.مانا قارا،بۈگۈن بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىدىڭ.ھېلى كېپىنەككە،ھېلى يىڭناغۇچقا گول بولۇپ بېلىق تۇتۇشقا رايىڭ بارمىدى.دېمەك ئاللا خالىسا دېمىسەڭ ئاشۇنداق ھېچ ئىشىڭ ئىلگىرى باسمايدۇ.ئاللاھ نېسىپ قىلىپ ئىشىڭغا ئاسانلىق بەرمىسە سەن قانداقمۇ بېلىق تۇتالايسەن؟بۈگۈن بىرتالمۇ بېلىق تۇتالماسلىقىڭمۇ شۇ سەۋەپتىندۇر بەلكىم ـ دەپتۇ.



ئاسلانچاق خىجىل بولۇپ:

ـ مەن خاتالىقىمنى بىلدىم ئاپا،ئاللاھ خالىسا مەن ئەمدى جىق بېلىق تۇتىمەن ـ دەپتۇ.

مۆشۈك ئاپا:

ـ ئاللا رەھمەت قىلسۇن بالام،مانا ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ.ئاللاھ خالىسا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالساڭ ئېسىڭگە كەلگەندە بولسىمۇ دېيىشىڭ كېرەك،ھەتتا ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ دېيىش لازىمدۇر ـ دەپتۇ خۇشال بولۇپ ۋە ئاسلىنىغا بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:

ـ ئاسلان بالام، ئاۋال چوقۇم ‹ بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم › دەپ باشلىغىن،ھەر ئىشنى شۇنداق باشلىغاندا ئاللاھ ساڭا ئاسانلىق ۋە بەرىكەت بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا بېلىق تۇتۇشتا كۆڭۈل قويۇشىڭ،سەبىرچان بولۇشۇڭ كېرەك،سەن ئىش قىلغاندا كۆڭۈل قويماي بىردەم يىڭناغۇچنى،بىردەم كېپىنەكنى قوغلاپ يۈرسەڭ،قانداقمۇ بېلىق تۇتالايسەن؟

ئاسلان شۇنىڭ بىلەن ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇپتۇ،قارمىقىنى سۇغا تاشلاشتىن ئاۋال بىسمىللاھ،دەپتۇ.يىڭناغۇچ يەنە ئاسلاننىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتىكەن،ئاسلاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.كېپىنەك ئۇچۇپ كەپتىكەن،ئۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلماپتۇ.



دەل مۇشۇ ۋاقتتا،قارماقتا بېلىق ئىلىنغاندەك تۇيۇلۇپتۇ.راستىنلا چوڭ بىر بېلىق قارماقتا ئىلىنىپتۇ،ئاسلان بېلىقنى تۇتۇپ چېلەككە سېپتۇ. ئاسلان كۆڭۈل قويۇپ بېلىق تۇتۇپ،ئۇزاق ئۆتمەي چېلەكنى بېلىق بىلەن توشقۇزۇۋېتۇ.

كۈن پاتاي دېگەندە،ئاسلان ئاپىسى بىلەن بىللە تۇتقان بېلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ خۇشال ـ خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ.




كىچىك ئاسلانچاق شۇندىن كېيىن ئىش قىلغاندا چوڭلارنىڭ نەسىھىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان،بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا ئاللاھ خالىسا قىلىمەن دەيدىغان،ۋە ھەر ئىشنى بىسمىللاھ دەپ باشلايدىغان بوپتۇ.




# گەپ ئاڭلىماس توشقانچاق

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تولۇمدىكەن، شۇ كۈنلەردە جاھاننىڭ چېتىدە، بىر جاڭگالنىڭ ئىچىدە بىر توپ توشقانلار بەكمۇ ئىناق ياشايدىكەن. بۇ توشقانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى دائىم ئۇلارغا:


ئوماق توشقانچاقلىرىم، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار،چۈنكى پادىدىن ئايرىلىپ قالغان قوي بۆرىگە يەم بولىدۇ.»(نەسائىي رىۋايىتى) دېگەن،ناۋادا سىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ نەسىھىتىنى قۇلىقىڭلاردا تۇتماي، ئىتتىپاقسىز بولۇپ،بۆلۈنۈپ كەتسەڭلار چوقۇم زىيان تارتىپ قالىسىلەر»دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىكەن.



ئاشۇ توشقانلارنىڭ ئارىسىدا بىر كەپسىز توشقان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ھاكاۋۇر، قىزغانچۇق ئىكەن. باشلىقىنىڭ بۇنداق ۋەز- نەسىھەتلىرىگە پەقەت قۇلاق سالمايدىكەن.كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزغانچۇق توشقان بىر دوستى بىلەن ئويىنىغىلى چىقىپتۇ ۋە بىرتال سەۋزە تېپىۋاپتۇ. بۇ توشقانچاق سەۋزىگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن.شۇڭا سەۋزىنى كۆرۈپلا دوستىغا بەرمەي ھاپىلا-شاپىلا يەۋاپتۇ.



دوستى ئۇنىڭ بۇنداق ئاچكۆز ھەم قىزغانچۇقلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى بەك قىزغانچۇقكەنسەن، دەپ ئەيىپلەپتۇ ۋە ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قاپتۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ توشقان دوستىغا خاپا بولۇپ توشقانلار توپىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە كېتىپ قاپتۇ.



ئۇ جاڭگاللارنى كېزىپ، يۇمران ئوت - چۆپلەر بىلەن تولغان، يان تەرىپىدە بۇلاقلاردىن سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان بىر گۈزەل جايغا كېلىپ قاپتۇ - دە، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ،ئۆزى يالغۇز ياشاشقا باشلاپتۇ.توشقانچاق كۆڭلىدە ئەمدىغۇ ھېچكىم مېنى ئاۋارە قىلالماس،مېنى باشقۇرىدىغان،مەن بىلەن ئۇرۇشىدىغان ھېچكىم يوق،ئۆزۈم يالغۇز خوشال-خورام ياشايدىغان بولدۇم،دەپ ئويلاپ قېنى-قېنىغا پاتمايلا قاپتۇ.



توپتكى توشقانلار تېزلا كەپسز توشقاننڭ يوقلۇقنى كۆرۈپ، ئۇنڭدىن ئەنسرىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىشىپتۇ. شۇ ئاردا ئىككى توشقان ئۇ بەڭباش توشقاننى ئىزدەپ ھېلىقى يايلاقتىن تېپىپتۇ.

ئىزدەپ كەلگەن توشقان دوستى ئۇنڭغا ناماقۇل بولۇپ:

ـ مېنى كەچۈرگىن،مەن خاتا قىپتىمەن. بىز سېنى كۆپ ئىزدەپ، ئاخىر بۇ جايدىن تاپتۇق. يۈر دوستۇم، توپقا قايتايلى.يالغۇز يۈرسەڭ بەك خەتەرلىك،ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن بەكمۇ ئەنسرەۋاتىدۇ ـ دەپتۇ.

ـ مەن توپتىن ئايرىلىپ تولىمۇ بەختىيار ياشاۋاتىمەن، ھېچ نەرسگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. قاراڭلار، بۇ يايلاق نېمە دېگەن ياخشى! ـ دەپتۇ ئۇ توشقان.灌

بۇنى ئاڭلىغان توشقان دوستلىرى:

ـ دوستۇم، سەن ئۇنداق دېمىگىن، بۇ جاي قانچە ياخشى بولغان بىلەن دۈشمەنلىرىمىز كۆپ، بۇ يەردە توپتىن ئايرىلىپ يېگانە يۈرسەڭ، ھامان بىر كۈنى ئاچكۆز بۆرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىسەن.ئەجبا دوست ـ بۇرادەرلىرىڭنى،ئۆيۈڭنى سېغىنمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ نەسىھەت قىپتۇ.



توشقان بۇرۇنقى ئىناق ـ ئىجىل توشقانلار ئائىلىسىنى شۇنداق سېغىنغان بولسىمۇ،ئەمما ئىچىدە:

بۇلار مېنىڭ بۇ يەردىكى بەختىيار تۇرمۇشۇمغا ئىچى تارلىقى كېلىپ، بۆرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرستىپ، مېنى بۇ گۈزەل ماكانىمدىن ئايرىپ، ئۆزلىرى كېلىپ ئورۇنلاشماقچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە توپقا قوشۇلۇشنى رەت قىپتۇ.

كەپسىز توشقاننىڭ دوستلىرى كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يايلاققا بىر بۆرە كەپتۇ. بۆرە توشقاننى كۆرۈپتۇ ـ دە، قوغلاپتۇ.




قىزغانچۇق توشقان قورققىنىدىن پۈتۈن كۆچى بىلەن قېچىپتۇ،قېچىپتۇ...قېچىپ كېتىۋېتىپ دوستلىرى بىلەن بىللە كەتمىگىنىگە ۋە باشلىقىنىڭ تويتىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار،دەپ قىلغان نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي ئۆزبېشىمچىلىق قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.قاياققا قاچسىمۇ،قانچە تېز يۈگۈرسىمۇ بۆرىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەپتۇ ۋە ئەمدى بۆرىگە يەم بولىدىغان بولدۇم،ئەگەر دوستلىرىم بىلەن بىللە بولغان بولسام بۇنداق كۈنگە قالمىغان بولاتتىم،دەپ زار-زار يىغلاپتۇ.



بۆرە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ،ئۇنى تۇتىۋالايلا دېگەن چاغدا تۇيۇقسىز بىر چىرايلىق ئات پەيدا بوپتۇ-دە،يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى بۆرىنى سۈر-توقاي قىلىپ قوغلىۋېتىپتۇ.شۇنىڭ بىلەن توشقانچاق بۆرىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.كەينىدىنلا بىر توپ توشقانلار يىراقتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىشكە باشلاپتۇ.ئەسلىدە ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىغان توشقانلار ئۇنى يەنە ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلگىنىدە ئۇنىڭ بۆرىگە ئۇچراپ قالغىنىنى كۆرۈپ،توشقانىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتنى ياردەمگە چاقىرغان ئىكەن.



توشقان دوستلىرىنى كۆرۈپ خوشال بولغىنىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ،ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بۆرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.ئۇ دوستلىرى بىلەن كۆلۈشۈپ تۇرغاندا توشقان ئانا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

بالام،مەن قانچە رەت سىلەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ « بىر بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار،چۈنكى پادىدىن ئايرىلىپ قالغان قوي بۆرىگە يەم بولىدۇ.»دېگەن قىممەتلىك ھەدىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئەگەر سىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ نەسىھىتىنى قۇلىقىڭلاردا تۇتماي، ئىتتىپاقسىز بولۇپ،بۆلۈنۈپ كەتسەڭلار چوقۇم زىيان تارتىپ قالىسىلەر،دېمىگەنمىدىم؟مانا قارا،نىمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق ! بۇندىن كېيىن بۇنداق بەڭباشلىق قىلمىغىن،بۇ ئىشتىن قاتتىق ئىبرەت ئالغىن ،دەپتۇ.



توشقانچاق خىجىل بولۇپ:

ئەمدى ئىككىنچىلەپ بۇنداق باشباشتاقلىق قىلمايمەن،سىزنىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسىھىتىنى قۇلۇقىمدا چىڭ تۇتۇپ،ئەمەل قىلىمەن ـ دەپتۇ.شۇندىن كېيىن توشقانچاق



توشقانلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ نەسىھەتلەرنى ۋە

ساۋاقلارنى ئېبسدىن چىقارماي،يامان ئادەتلىرىنى تۈزىتىپتۇ ۋە توشقانچاقلار بىلەن بىللە خوشال ـ خورام ، تىنىچ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.




## ماختانچاق توز

بۇرۇنقى زاماندا تولىمۇ گۈزەل بىر توزچاق بولغان ئىكەن.پەيلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق،گويا رەڭدار ئەتلەستەك جۇلالاپ تۇرىدىكەن.ئەمما بۇ توزچاق بەك ھاكاۋۇر ئىكەن.ئۆزىنى چىرايلىق دەپ ھەمىشە باشقىلارنى كەمسىتىدىكەن،سەت دەپ ياراتمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ توزچاق باغچىدا قۇشلار بىلەن خۇشال ـ خورام ئويناۋېتىپ بىر قاغا بالىسىنى زاڭلىق قىلىپ:بەك سەتكەنسەن،نېمانداق كۆمۈردەك قاپقارا كۆرۈمسىز نېمە سەن،ئۆزۈڭنى ياسۋالساڭمۇ بىكار.يەنىلا شۇنداق سەت،ھى ھى ھى... ـ دەپ كۈلۈپ

كۆڭلىگە ئازار بېرىپتۇ.كىچىك قاغا بالىسى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ



يىغلاپتۇ ۋە قۇشلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇلارنىڭ سەل نېرىدا قۇشلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالغاچ ئارام ئېلىپ ياتقان بىر كىيىك ئاپا بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇلارغا سالام قىلىپتۇ:

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قۇش باللار سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟

قۇشلار ئۇنى خۇشال ـ خورام كۈتىۋاپتۇ ۋە سالىمغا چىرايلىق سالام قايتۇرۇپ:

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ،كىيىك ئاپا ھەممىمىز سالامەت تۇردۇق ـ دەپ ئۇنى يېنىغا تەكلىپ قىلىپتۇ.

كىيىك ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇلارغا بىر چۆچەك سۆزلەپ بەرمەكچى بوپتۇ.قۇشلار بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.شۇنىڭ بىلەن كىيىك



ئاپا چۆچەكنى مۇنداق باشلاپتۇ: بۇرۇنقى زاماندا بىپايان كەتكەن گۈزەل بىر ۋادىدا دەل ـ دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن گۈزەل بىر باغ بار ئىكەن. بۇ باغدا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ،گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ،شېرىن مېۋىلەر پىشىپ تۇرىدىكەن.قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئۈزۈلمەيدىكەن.ئەڭ گۈزەل،خۇش ئاۋاز قۇشلار بۇ باغنى ماكان تۇتقان بولۇپ،كىشىلەر بۇ باغنى:‹قۇشلار بېغى›دەپ ئاتايدىكەن.

قۇشلارنىڭ ئارىسىدا ‹‹ئالتۇن قۇش›› دەيدىغان بىر چىرايلىق قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ پەيلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن. قۇشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇ



قۇشنى ئەتىۋارلاپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن. ئالتۇن قۇشمۇ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق ئىززىتىنى قىلىپ، ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتكەنسېرى ئالتۇن قۇش ماختاش سادالىرى ئىچىدە ئۆزىگە تەمەننا قويۇشقا، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى پەش قىلىپ، بارا ـ بارا باشقا قۇشلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ باشقا قۇشلار سالام بەرسە كۆز قىرىنىمۇ سالمايدىغان، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن غادىيىپ كۆكرىكىنى كېرىپ، پەيلىرىنى



پارقىرىتىپ، كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرۈيدىغان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا قۇشلارمۇ ئۆز پوزىتسىيلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت بىلدۈرمەيدىغان، ھەتتا ئۆز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بۇنىڭدىن خاپا بولغان ئالتۇن قۇش: ‹‹سىلەر كۆرمىسەڭلار، مېنىڭمۇ سىلەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق›› دېگەندەك قىلىپ ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ تۇتۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئالتۇن قۇش يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، ئىچى پۇشۇپ يىغلاپتۇ، زارلاپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ھالىنى سورايدىغان بىرمۇ قۇش چىقماپتۇ. بۇ ئىش ئالتۇن قۇشقا تېخىمۇ ھار كەپتۇ.

نېمە قىلارنى بىلمەي، ئاخىر قۇشلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، قۇشلار ئۇنىڭغا يەنىلا قارىماپتۇ. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، خۇددى بويىندىن باغلىنىپ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغاندەك ئازاپلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان ئالتۇن قۇش، ھەر بىر قۇشنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپتۇ.



قۇشلار ئۇنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئۆز خاتالىقىنى تونۇغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال هالدا يەنە بۇرۇنقىدەك هۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇشلار بىر - بىرىنى تېخىمۇ هۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق هىدى تەبىئەت گۈزەللىكىگە يېڭى هۆسن قوشۇپتۇ....

كىيىك ئاپا چۈچكىنى شۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان قۇشلار كىيىك ئانىنىڭ چۈچكىدىن نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ جىم بولۇشۇپ قاپتۇ.ھەممىسى لام ـ جىم دېيىشمەي يەرئاستىدىن تورچاققا قارىشىپتۇ.



شۇ چاغدا كىيىك ئاپا:

باللىرىم،بىز ھەممىمىزنى ئاللاھ ياراتقان،ئاللاھ بەزىلەرنى چىرايلىق ياراتسا،بەزىلەرنى كۆرۈمسىز يارىتىدۇ؛بەزىلەرنى ساغلام ياراتسا،بەزىلەرنى مېيىپ قىلىپ يارىتىدۇ.ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىشقا قادىر،ھېچكىم ئۇنى بۇ تۇپەيلى سوراققا تارتالمايدۇ.ئاللاھنىڭ بۇنداق يارىتىشىدا ھەم ھېكمەت بار.ئاللاھ بىزنى گۈزەل ۋە ساغلام قىلىپ ياراتقىنى ئۈچۈن قانچىلىك شۈكۈر قىلساق ئاز.ئەمما بىز شۈكۈر قىلىش ئورنىغا باشقىلارنى سەت بولغىنى ياكى مېيىپ بولغىنى ئۈچۈن كەمسىتىپ ھاقارەت قىلساق ۋە كۆڭلىگە ئازار بەرسەك توغرا بولامدۇ؟ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە:

« سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (هاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى
تېشىۋېتەلمەيسەن، (هەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن .
يۇقىرىقى (ئىش) لارنىڭ هەممىسى قەبىھ بولۇپ، اللە نىڭ دەرگاھىدا
ياماندۇر.»(ئىسرا، 37~38 ـ ئايەت)

كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، اللە
ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست
تۇتمايدۇ.(لوقمان،18 ـ ئايەت)دېگەن ئەمەسمۇ باللىرىم؟

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان تورچاق شۇنداق خىجىل بولۇپ كېتىپتۇ .تېخى بايىلا قاغا بالىسىنى سەت،دەپ بۇيەردىن كەتكۈزىۋەتكىنى ئۈچۈن بەكمۇ ئۆكۈنۈپتۇ.ئاللاھنىڭ ھاكاۋۇر،ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن تىترەپ،يۈزلىرى قارىداپلا



كېتىپتۇ ۋە يىغلىۋېتىپتۇ.ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

ـ كىيىك ئاپا ،ئەمدى ئاللاھ مېنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟تېخى بايىلا قاغا بالىسىنى سەت دەپ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن ئىكەنمەن ـ دەپتۇ.

كىيىك ئاپا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ چىرايلىق پەيلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:



ـ ئەقىللىق تورغاي، ئالالھ سەن خاتالىقىڭنى تونۇپ تەۋبە قىلساڭ ۋە كەمچىلىكلىرىڭنى تۈزەتسەڭلا چوقۇم سېنىڭ خاتالىقلىرىڭنى كەچۈرىدۇ ۋە سېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بىز ھەممىمىز سېنى ياخشى كۆرىمىز، ھازىرمۇ سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمىزغۇ؟پەقەت سېنىڭ بايىقى چۆچەكتىكى ‹ئالتۇن قۇش›تەك دوستلىرىڭدىن ئايرىلىپ، پۇشايمانغا قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمىز ئوماق قوزام ـ دەپتۇ مېھرىبانلىق بىلەن.





شۇنىڭ بىلەن كىچىك تورغاق ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ ۋە قاغا دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. باشقىلارنى كەمسىتمەيدىغان، كىچىك پېئىل، كەمتەر، چىقىشقاق بولۇپ ئۆزگەرگەن تورغاقنى ھەممە بىردەك ئۆزىمۇ گۈزەل، مىجەز ـ خۇلقىمۇ گۈزەل دەپ ماختىشىدىغان بوپتۇ ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.




## ئالمچاق ئۇخلاپ قاپتۇ

گۈزەل بىر كۈن ئاخىرلىشىپتۇ،قۇياش قىپقىزىل شەپەقلەرنى يېلىنجىتىپ تاغ كەينىگە پېتىشقا باشلاپتۇ. قانغۇدەك ئويناپ ھارغان كىيىك بالىسى ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.




ئاندىن يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ،ئاپىسى بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يەپتۇ.

ئاستا-ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۇخلايدىغان ۋاقىتمۇ بوپتۇ. كىيىك بالىسى ئۇخلاش ئۈچۈن كارۋىتىغا چىقىپتۇ.كارىۋات ئۈستىدە ياتقان كىيىك بالىسىنىڭ بۇرنىغا بىردىنلا



گۈپۈلدەپ مېزىلىك ئالما پۇرىقى پۇراپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

-ئاپا،ئالما يېگۈم كەلدى !-دەپتۇ.

كىيىك ئاپا ئۇنىڭغا:

-تېزرەك ئۇخلا تاتلىق قوزام،ئالما ئاللىقاچان ئۇخلاپ بولدى،سەنمۇ ئۇخلىغىن،ئۇ ئەتە ئويغانغان چاغدا ئاندىن يېگىن-دەپتۇ.

يا...يا...ياق...مەن ئالما يەيتتىم !-كىيىك بالىسى ئەركىلەپ خاپا بوپتۇ ۋە ئالما راستىنلا ئۇخلاپ قالدىمۇ يوق،قاراپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ شۇنداق قارىسا تەخسە

ئىچىدە بىر تال قىپقىزىل ئالما مىدىر-سىدىر قىلماستىن راستىنلا  ئۇخلاپ كەتكەن



ئىكەن.ھوي،ھوي ئالما راستىنلا ئۇخلاپ قاپتىغۇ !

- ئاپا،ئالمىچاق ئۇخلاپ قاپتۇ،مەنمۇ ئۇخلايمەن- دەپتۇ ئوماق كىيىكچاق.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوتقىنىنى يېپىنىپ يېتىپتۇ،ئۇخلاش ئالدىدا

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم....دەپتۇ.چۈنكى ئاپىسى ھەردائىم ئۇنىڭغا:

- بالام، ئۇخلاش ئالدىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ياتقىن ،ئاللاھنىڭ شۇ كۈنى ساڭا بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتقىن،ئۇخلاش ئالدىدا قىلىدىغان دۇئالارنى ئوقۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغىن،شۇنداق قىلساڭ ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە سېنى يامانلىقتىن



قوغدايدۇ،سېنى قارا باسمايدۇ،دەپ ئۆگەتكەن ئىكەن.

گەپ ئاڭلايدىغان ئوماق كىيىكچاق شۇڭا ھەردائىم ئۇخلاش ئالدىدا بىسمىللاھ دەپ يېتىشنى ۋە ‹ئى ئاللاھ !سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن› دەپ دۇئا قىلىشنى،ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە شۈكرى قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدىكەن.



ئۇ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن پىچىرلاپ

دادىسىغا،ئاپىسىغا،      ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي ۋە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ،دەرەخلەرگە،گۈللەرگە خوش، مەن ئەمدى ئۇخلايمەن، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار ،ئاللاھ ھەممىزنى يامانلىقتىن ساقلىسۇن ، ئاللاھقا ئامانەت ـ دەپتۇ ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ تېزلا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.




## ئۆردەكچاق بىلەن چۈجە خوراز



بۇرۇنقى زاماندا چىرايلىق بىر مەھەللە بولغان ئىكەن. باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شۇ مەھەللىدە بىر ئۆردەكچاق بىلەن بىر چۈجە خوراز تۇغۇلۇپتۇ، بىللە ئويناپ چوڭ بوپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە بەكمۇ ئامراق بولۇپ، ھەردائىم بىللە ئوينايدىغان، ئايرىلمايدىغان يېقىن دوست بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆردەكچاق كىچىك خورازدىن سەل چوڭراق ئىكەن، شۇڭا كىچىك خوراز ئۆردەكچاقنى «ئاكا» دەپ چاقىرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار بىللە مەھەللىنىڭ سىرتىغا ئوينىغىلى چىقىپتۇ.



مەھەللە سىرتىدا، ياپيېشىل ئوت-چۆپلۈكلەر ۋە بىر كىچىك دەريا بار ئىكەن.

ئۇلار ئاۋال بولۇق ئۆسكەن يېشىل ئوت-چۆپلۈككە كەپتۇ. كىچىك خوراز چۆپلۈكتىن نۇرغۇن قۇرۇت تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇلارنى يەپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.



كىچىك ئۆردەكچاق بىرتالمۇ قۇرۇت تۇتۇپ يېيەلمەي بەك تىتىلداپ، غاق، غاق، غاق... دەپ غاقىلداپلا كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىچىك خوراز جىق قۇرۇت تۇتۇپ كېلىپ ئۇلارنى كىچىك ئۆردەكچاقنىڭ يېيىشىگە بېرىپتۇ. ئۆردەكچاق خۇش بولۇپ:

- رەھمەت ساڭا خوراز ئۇكام، ماڭا جىق يېمەكلىك تېپىپ بەردىڭ، شۇنداق خۇش



بولدۇم، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن - دەپتۇ.

كىچىك خوراز:

ـ ئۆنداق دېمەڭ ئۆردەك ئاكا، بىز دېگەن قېرىنداش، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى ئەمەسمۇ؟ئەلۋەتتە مەن قېرىندىشىمغا ئۇ قىلالمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە ياردەم قىلىشىم كېرەك ـ دەپتۇ.

كىچىك خورازنىڭ بۇنداق ئەقىللىق ۋە ئاقكۆڭۈللۈكلىكىدىن ئۆردەكچاق بەكمۇ خۇش بوپتۇ ۋە مۇشۇنداق دوستىنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئاللاھقا رەھمەت ـ شۈكۈرلەر ئېيتىپتۇ.



بىردەمدىن كېيىن ئۇلار چۆپلۈكتىن چىقىپ كىچىك دەريا بويىغا كەپتۇ. كىچىك ئۆردەكچاق كىچىك خورازغا:

ـ خوراز ئۇكام، مەن دەرياغا چۈشۈپ ساڭا يەيدىغان بېلىق تۇتۇپ بېرەي، ـ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىچىك خوراز :

ـ بېلىق تۇتقىلى دەرياغا مەنمۇ چۈشىمەن، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە چۈشەيچۇ ـ دەپتۇ. ئۆردەكچاق: بولمايدۇ، بولمايدۇ ! سەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيسەن، سۇغا



چۆكۈپ كېتىسەن ـ دەپتۇ قوشۇلماي.

كىچىك خوراز ئىشەنمەي يوشۇرۇنچە ئۆردەكچاقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ سۇغا چۈشۈپتۇ.

ئۆردەكچاق دەريادا بېلىق تۇتقىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما تۇيۇقسىز كىچىك خورازنىڭ«قۇتقۇزۇڭلار ! » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ ۋە كەينىگە قاراپ كىچىك



خورازنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال كىچىك خورازنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى دۈمبىسىگە چىقىرىۋاپتۇ ۋە قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ.كىچىك خوراز قىرغاققا چىققاندىن كېيىن:

ـ رەھمەت سىزگە ئۆردەك ئاكا،مېنى قۇتقۇزىۋالدىڭىز،ئاللاھ سىزگە رەھمەت



قىلسۇن ـ دەپتۇ.

ـ ئۆردەكچاق كۈلۈپ تۇرۇپ:

ھەي،مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى ئەمەسمۇ؟ئەلۋەتتە موھتاج بولغاندا بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم قىلىشىمىز كېرەكتە !ـ دەپتۇ ئۇنىڭ بايىقى سۆزىنى تەكرارلاپ،ئۇلار ئىككىسى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.شۇنداق،بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئۆزئارا ياردەم قىلىشىمىز،بىر ـ بىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم بېرىشىمىز،كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە كۆيۈنىشىمىز كېرەك،بۇ بىزنىڭ مۇسۇلمانلىق،قېرىنداشلىق بۇرچىمىز،دېيىشىپتۇ.



شۇندىن كېيىن ئۇلار ھەرقاچان بىر ـ بىرىگە ياردەمدە بولىدىغان، ئىخچمۇ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ھەردائىم بىللە ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان،سالىھ،ئەخلاقلىق باللاردىن بوپتۇ.




# ئاق تايچاقنىڭ ئارزۇسى

بۇرۇنقى زاماندا تۈرلۈك-تۈمەن گۈل-چېچەكلەر، ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن پايانسىز بىر گۈزەل يايلاق بار ئىكەن. يايلاقتا سان-ساناقسىز ئاتلار ياشايدىكەن.



كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى چىرايلىق ئات ئاپا ئوماق بىر ئاق تايچاق تۇغۇپتۇ. تايچاق قاردەك ئاق، شۇنچىلىك ئوماق ئىكەنكى، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىكەن، ئۇزۇن كىرپىكلىك چىرايلىق كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق، ئەقىل-پاراسەت ۋە قەيسەرلىك چاقناپ تۇرىدىكەن. ئاق تايچاق كۈندىن كۈنگە ساغلام ۋە تېمەن چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. ئات ئاپىسى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپتۇ ۋە ياخشى تەربىيەلەپ چىقماقچى بولۇپ پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشكە بەل باغلاپتۇ.



تايچاقمۇ ئاپىسىنىڭ كۆتكىنىدەك ياخشى چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇماق، ئەدەپلىك، ئاقكۆڭۈل، چىقىشقاق تايچاقنى يايلاقتىكى ھەممەيلەن شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايدىكەن، يايلاقتا قىيغىتىپ، سەكرەپ، يۈگۈرۈپ ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا قۇشلار، كېپىنەكلەرمۇ زوقلىنىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ بىللە ئوينىشىدىكەن.



كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى يايلاقتا تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، ھاۋامۇ باشقىچىلا سوۋۇپ كېتىپتۇ. يامغۇر ئۇدا ئىككى ھەپتە توختىماي يېغىپتۇ، قاپقارا بۇلۇتلار، سوغۇق ھاۋا، مۇزدەك يامغۇر تامچىلىرى كىچىك تايچاقنى بىئارام قىپتۇ. ئەپسۇس ! بەختسىزلىك ئەشۇ چاغدا باشلىنىپتۇ، ئۇماق تايچاق سوغۇق ھاۋاغا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يامغۇرنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاغرىپ قاپتۇ!

ئاخىرى، يايلاقتا يامغۇر توختاپ ، ئاسماندا نۇرلۇق ۋە ئىللىق قۇياش پارلاپتۇ، قۇشلار سايراپتۇ، يامغۇردا سۇلغان گۈل ـ گىياھلار قايتىدىن ياشىرىپ، كۆكلەشكە باشلاپتۇ، يايلاق قايتىدىن

هاياتىي كۆچكە تولۇپتۇ.ئەمما بىچارە تايچاق كېسەلدىن ئۆرە بولالماپتۇ،بەلكى ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ.ئۇنىڭغا نە دوختۇرنىڭ داۋالاشلىرى،نە دورىلار پايدا قىلماپتۇ.ئۇ كۈنبويى ھالسىز ھالدا يېتىپ،زېرىكىش ۋە غېرىبلىق ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.



يىراقلارغا قاراپ دوستلىرىنىڭ،ھەممەيلەننىڭ شۇنداق خۇشال ـ خورام ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ.كېسەلدىن قاچان ئۆرە بولارمەن؟قاچان يەنە بۇرۇنقىدەك يايلاقتا چېپىپ،يۈگۈرۈپ قېن ـ قېنىمغا پاتماي دوستلىرىم بىلەن بىللە ئوينارمەن؟ ـ دەپ ئويلاپ بىئارام بولۇپتۇ.



شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى دوستى ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ.ئۇلارنىڭ بىرى كىچىك قىزچاق،يەنە بىر سېرىق تايچاق دوستى ئىكەن،تايچاق كىچىك قىزچاقنى ئۈستىگە مندۈرۈپ ئويناقشىغان پېتى كەلگەن ئىكەن.ئۇلارغا قاراپ ئاق تايچاق ھەم شۇنداق خۇشال بوپتۇ ھەم كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ.ئۇلار بىلەن سىرتلارغا چىققۇسى،دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلگۈسى،كىچىك قىزچاق دوستىنى ئۈستىگە مندۈرۈپ كەڭ يايلاقتا چاپقۇسى كەپتۇ.بىراق ئۇنداق قىلالمايدۇ ـ دە! ئۇنىڭ ھەتتا ئورنىدىن تۇرغۇدەكمۇ ماغدۇرى يوق تۇرسا،قانداقمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئوينىيالسۇن؟ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئاق تايچاق ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كۆڭلى بۇزۇلۇپ،يىغلاپتۇ.ئۇنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان

ئات ئاپىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇپ، بالىسى ئۈچۈن ئازاپلىنىپ يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈپتۇ، شۇنداقتىمۇ بالىسغا چاندۇرماي ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا تەسەللىيلەر بېرىپتۇ:

ـ جېنىم بالام، ھەربىرىمىزنىڭ ئۈستىدە دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرى بار، كېسەللىك، ئاغرىق ـ سىلاقلارمۇ شۇ مۇسىبەتلەر جۈملىسىدىندۇر ھەم ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدۇر. ئۈمۈتۋار بولغىن، سەبىر قىلغىن، ئاللاھ سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر ـ دەپتۇ. ئەيىۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەل بولۇپ قالغاندا قانداق سەبىر قىلغانلىرىنى ۋە ئاخىرى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگەنلىكىنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپتۇ.

ئانىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئاق تايچاقنىڭ كۆڭلى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە بولغان ئۈمۈدكە تولۇپتۇ. شۇندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىپ كېسىلىگە شىپالىق بېرىشىنى تىلەپتۇ، نامازلىرىنى ياخشى ئوقۇپتۇ. داۋالىنىش ۋە دورا ئىچىش شۇنداق ئازاپلىق، قىيىن ئىش بولسىمۇ، ئۇنۇتماي ۋە زېرىكمەي ئىچىپتۇ، ئاللاھنى تىلىدىن چۈشۈرمەي ئۇنى زىكىر قىلىپ قەلبىگە ئاراملىق تېپىپتۇ ۋە سەبىرچان بولۇشقا باشلاپتۇ. بارا ـ بارا كېسەللىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلمايدىغان، يىغلىمايدىغان، دورا ئىچمەيمەن دەپ ئاپىسىنى خاپا قىلمايدىغان، ئۈمۈدسىزلەنمەيدىغان باتۇر بالا بوپتۇ. ئەنە شۇنداق ئاللاھقا بولغان شەكسىز ئۈمۈد ۋە ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىپ كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ... بىر ئاخشىمى ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سالام قىپتۇ، بوۋاي كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

ـ ئوماق تايچاق، مەن سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالايدىغان بىر دورىنى ئېيتىپ بېرەي سەن شۇنى تېپىپ توختىماي ئىچكىن، ئاللاھقا چىن كۆڭلۈڭ بىلەن دۇئا قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ ئىنشائاللاھ تېزلا ساقىيىپ كېتىسەن ـ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تايچاق شۇنداق خۇشال بولۇپ ئۇ بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە قىلغان ئىكەن ساقىيىپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا بىركۈنى ئويغانغىنىدا بىر جۈپ قانات چىقىپتۇ! ئاندىن ئۇ شۇ قاناتلىرى بىلەن ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۇچۇۋاتقۇدەك، كۈلۈۋاتقۇدەك، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھقا رەھمەت ! ئەمدى ساقايدىم، ئاللاھ ماڭا شىپالىق بەردى، ئاللاھ مېنى ساقايتتى، ھەتتا ئۇچالايدىغان بولدۇم دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك...



ئۇ ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە بۇنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئەپسۇسلىنىپتۇ.لېكىن چۈشىنى ئەسلەپ ئىنشائاللاھ ساقىيىپ كەتكۈدەكمەن، دەپ ئويلاپ خۇشاللىنىپ،خۇشاللىقىدا ئۇخلاۋاتقان ئاپىسىنىمۇ توۋلاپ چاقىرىپ ئويغىتىپتۇ ۋە ئاپىسىغا چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.بۇنى ئاڭلىغان ئاپىسى خۇشال بولغىنىدىن،ئەلھەمدۇلىللاھ،بۇ ياخشى بىشارەت،ئاللاھ خالىسا ساقىيىپ كېتىسەن ئوماق تايچىقىم ـ دەپتۇ ۋە يىغلاپ كېتىپتۇ.

تاڭ يورۇشىغىلا ئات ئاپا ئۆيدىن چىقىپ كەڭ يايلاقنى،يىراقتىكى تاغلارنى،ئورمانلارنى كېزىپ،بوۋاي دېگەن شىپاھلىق ئۆسۈملۈكنى ئىزدەپتۇ،ئىزدەپ ـ ئىزدەپ ئاخىر ئۇ ئۆسۈملۈكنى ئېگىز تاغ ئۈستىدىن تېپىپتۇ ۋە ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتىپ ئۆسۈملۈكتىن جىققىدە ئۈزۈپ كېلىپتۇ،ئۇنى قاينىتىپ دورا تەييارلاپ ئۈزمەي بالىسىغا ئۈچۈرۈپتۇ.دورا ئاچچىق بولسىمۇ باتۇر تايچاق قورقماي ئىچىپتۇ،ھەرچاغ دورا ئىچىشتىن ئاۋۋال بىسمىللاھ دېيىشنى،دۇئا قىلىپ ئىچىشنى ئۇنۇتماپتۇ،نامازلىرىدا ئاللاھتىن شىپاھلىق بېرىشنى تىلەپتۇ،ئى ئاللاھ مەندىن كېسەلنى ئېلىپ كەتكىن،ماڭا شىپاھلىق بەرگىن،پەقەت سەنلا ماڭا شىپاھلىق بېرەلەيسەن،سەن بەرگەن شىپاھلا ئەڭ ئۈنۈملۈك،شۇنداق شىپاھلىق



بەرگىنكى،كېسەللىك قالمىغاي ـ دەپ دۇئا قىپتۇ....

كۈنلەر ئۆتۈپ باتۇر تايچاق راستىنلا كۈچ ـ ماغدۇرغا تولۇشقا باشلاپتۇ،ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىنمۇ

تۇرۇپتۇ،ئاپىسى ئۇنى بىرقەدەم ـ بىرقەدەمدىن ماڭدۇرۇپ چېنىقتۇرۇپتۇ.ئۇنى باتۇر ،سەبىرلىك ،ئۇمۇتۋار بولۇشقا ئۈندەپتۇ.ئۇنىڭغا ھېكايىلەرنى،ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى،پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ،كۆڭلىنى كۆتۈرۈپتۇ،شۇنداق قىلىپ ئاق تايچاق ئاخىر ساقىيىپتۇ! ئاللاھ ،باتۇرۋە ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان تايچاققا شىپالىق بېرىپتۇ! ئاللاھ نېمەدېگەن مېھرىبان،ھەممىگە قادىر زات ھە !

ئۇنىڭ كېسەل ۋاقتىدىكى ئارزۇسىنىڭ بىرى كېسىلىدىن ساقىيىش ۋە يەنە بىرى ساقايغاندىن كېيىن دوختۇر بولۇپ،ئۆزىدەك كېسەل ئازابى تارتىۋاتقانلارنى داۋالاش ئىكەن! ئاللاھ ئۇنىڭ بىرىنچى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ،ئۇ ساقايغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىپتۇ ۋە ياىلاقتىكى ئەڭ ئۇستا دوختۇر بولۇپ قاپتۇ.ئۇ كېسەللەرنى دورىلار ۋە داۋالاش ئارقىلىق،ئاللاھقا ئۈمىد ۋە مۇھەببەت باغلاپ ئۇنىڭدىن شىپالىق تىلەش ئارقىلىق داۋالاپ نۇرغۇن



بىمارلارنى ساقايتىپتۇ...

مېھرىبان ئاللاھ بۇ ئاقكۆڭۈل،سەبىرچان ،ئۆزىنى سۆيگەن ۋە ئىشەنگەن ئاق تايچاقنىڭ ئىككىلا ئارزۇسىنى ئەنە شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ،دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغان ئىكەن.شۇڭا ئۇ ھەردائىم باشقىلارنى ئاللاھنى سۆيۈشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا،ھەرقانداق تىلىكىنى ئۇنىڭدىنلا تىلەشكە ئۈندەيدىكەن.ئۇنى باشقىلار ياىلاقتىكى « ئاق ئات دوختۇر! قەلبىمۇ،ئۆزىمۇ ئاپئاق ! دەپ ھۆرمەتلەپ،ماختىشىدىكەن.




# بىلال باتۇر

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، ئاچىنىڭ غېمى ئاچلىقتا، توقنىڭ غېمى يوق ئىكەن. شۇ زامانلاردا بىر گۈزەل شەھەر بولغان ئىكەن.ئادەملەر خاتىرجەم،ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشايدىكەن،ھەممىسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن،قىز ـ ئاياللار ياغلىق ئارتىپ چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى كىيىدىكەن،دادىلار،بوۋايلار،كىچىك ئوغۇللار ناماز ئوقۇش،ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن



مەسچىتلەرگە باردىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنە شۇ شەھەردە ئۇماق بىر ئوغۇل بوۋاق تۇغۇلۇپ،ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ‹بىلال›دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى باتۇر،قەيسەر،ئاقكۆڭۈل،ئەدەپلىك بالا بولۇپ ئۆسۈپتۇ.شۇڭا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپ ئەركىلىتىپ ‹ بىلال باتۇر›دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ .بىلال باتۇر ھەردائىم قۇشلار،ھايۋاناتلار بىلەن ئوينايدىكەن،ئۇلارنى قوغدايدىكەن،ئۇلارغا ئۆي ياساپ بېرىدىكەن.قۇشلار،ھايۋانلارمۇ بىلال باتۇرغا بەك ئامراق ئىكەن.بىلال باتۇر دادىسى،ئاپىسى ۋە يەنە بىر ئۇماق سىڭلىسى بىلەن بىللە خوشال ـ خورام،بەختلىك ياشايدىكەن.



دادىسى ئۇنىڭغا ئات مىنىشنى،قىلىچۋازلىقنى ئۆگەتسە،بىلىملىك،تەقۋادار ئاپىسى بىلال باتۇر بىلەن سىڭلىسىغا ياخشى قاراپ،ئۇلارنى تەربىيەلەيدىكەن،قۇرئان ئۆگىتىدىكەن،بىللە ناماز ئوقۇيدىكەن،ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنداق ئامراق ئىكەن.



كۈنلەر ئۆتتۈپتۇ،ئايلار ئۆتتۈپتۇ، بىلال باتۇر بويلىرى

ئېگىز،كۈچلۈك،بەستلىك،يارامىلىق بىر بالا بولۇپ قاپتۇ.گۈزەل كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىلال ئۆزى يالغۇز ئېتىنى مىنىپ، ئوقيا ۋەنەيزىلىرىنى ئېسىپ يىراق جاڭگاللىققا قاراپ ئاتلىنىپتۇ،ئۇ يەردە ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى بىلال باتۇر ئۇخلاۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا كەپتەرنىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.ئۇ كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق قاراپ، خەۋەرچى كەپتىرىنىڭ يېنىدا جىددىيلەشكەن هالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بىلال باتۇرنىڭ كۆڭلى نېمىندۇر تۇيغاندەك بىرقىسما بولۇپتۇ.كەپتەر ئالدىراپ ئۇنىڭغا :



ـ دوستۇم،تېز بولغىن!يۇرتىمىزغا چوڭ بالا كەلدى! بىر قانخور يالماۋۇز پەيدا بولۇپ،10 كۈندىن بېرى شەهەردە قاتتىق بۇزغۇنچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى،قانچىلىغان ئادەملەرنى،هايۋاناتلارنى،قۇشلارنى ئۆلتۈردى، سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ،سىڭلىڭ ۋە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىڭنى كەگرى مەيدانغا توپلاپ تاشقا ئايلاندۇرىۋەتتى.چۈنكى ئۇلار ئۇ يالماۋۇزغا بويسۇنماي،هەق ئۈستىدە مۇستەهكەم تۇرغان

ئىدى.ئۇ يالماۋۇز ئەسلى ئىبلىسنىڭ دوستى بولۇپ،كىمكى ھەق سۆز« لائىلاھەئىللەللاھ » نى قىلسا  ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدىكەن ۋە شۇنى دۈشمىنىم دەپ قاراپ كۆزدىن يوقاتماقچى بولىدىكەن....سەن دەرھال قايتىپ يالماۋۇزنى

يوقىتىشىڭ،داداڭنى،ئاپاڭنى،سىڭلىڭنى ۋە بارلىق قېرىنداش-ھەمشىرىلىرىڭنى قۇتقۇزۇشىڭ كېرەك بىلال باتۇر !سەن چوقۇم قىلالايسەن،ئاللاھ ساڭا ياردەم بېرىدۇ،ئاللاھ يولىدىكى دوستلىرىڭ ۋە بىز ھەممىمىز ساڭا ياردەم بېرىمىز!-دەپتۇ كەپتەر بىلال باتۇرغا ئۈمۈد بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

قەھىر-غەزەپكە تولغان بىلال باتۇر شۇ ھامان يۇرتىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ،ئاق ئېتىنى مىنىپ،قېلىچىنى ئېسىپ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە

ئاتا-ئانىسىنى،سىڭلىسىنى،قېرىنداشلىرىنى،پاك تۇپرىقىنى ئىبلىس ۋە يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدىن  قۇتقۇزۇشقا نىيەت قىپتۇ.بىردەمدىلا سان-ساناقسىز كەپتەرلەر ۋە تۈرلۈك قۇشلار،ھايۋانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ زور بىر قوشۇن ھاسىل بوپتۇ.بىلال باتۇر «بىسمىللاھ» دەپ ئۇلارنى باشلاپ يالماۋۇزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ.قۇشلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ شېئىرلار ئوقۇپتۇ:

ئۇلار ئەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن مېڭىپ يېرىم يولغا كەلگەندە،يىراقتىن ئىنتايىن تېز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر شىرنى كۆرۈپتۇ.شىر كېلىپلا بىلال باتۇرغا:



-بىلال باتۇر،يالماۋۇز ئىنتايىن كۈچلۈك،سىلەر ھەرقانچە كۆپ بولغان بىلەنمۇ ھەرگىز ئۇنى يوقىتالمايسىلەر. ئۇنىڭغا قىلىچ-نەيزە،قورال-ياراق كار قىلمايدۇ، چۈنكى

ئۇنىڭ جېنى ئۇنىڭ تېنىدە ئەمەس،قاراڭغۇ بىر ئورمانلىقتىكى ئۇنىڭ قورقۇنۇچلۇق كەپىسىدە،بىر قۇتىنىڭ ئىچىدە ساقلىنىدىكەن.ئۇ قاراڭغۇ ئورمانلىققا ھېچبىر ئىنسان ـ ياكى ئۇچار قۇش ـ ھايۋانات يېقىن يولىيالمايدىكەن،ئۇ ئورمانلىقنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ



ھېچكىم بىلمەيدىكەن ـ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار تەۋرەپ كېتىپتۇ،ھەممە ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟دەپ ئويغا چۆكۈپتۇ.بىلال باتۇر ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن:

ـ ئۇ ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ،ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسە.ئۇنىڭ جېنى ئۇنىڭ تېنىدە بولمىغان بىلەن،ئاللاھنىڭ ئىلكىدە.ئىنشائاللاھ ئۇنىڭ ئاشۇ ئىپلاس جېنىنى چوقۇم ئالىمىز ! ـ دەپتۇ.

قۇشلار،ھايۋاناتلار خۇشاللىقتىن قىقاس ـ سۈرەن سېلىشىپ، توغرا ! ئۇنىڭ ئىپلاس جېنىنى چوقۇم ئالىمىز ! چوقۇم ئالىمىز.....دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.بۇ ۋاقىتتا كۈن ئولتۇرۇپ،كەچ كىرىپ قاپتۇ،بىلال باتۇر باشقىلارنى ئارام ئېلىپ،كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق قىلىپ،ئۆزى يېقىن ئەتراپتىكى بىر بۇلاق بويىدا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپتۇ،كېچىچە ناماز ئوقۇپ چىقىپتۇ ۋە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھتىن ياردەم

تىلەپ دۇئا قىپتۇ.



بىر چاغدا ئۇخلاپ قاپتۇ ۋە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە كىمدۇر ئۇنىڭغا: « بىلال باتۇر ! غەم قىلما، رەببىڭ سەن بىلەن بىرگە. ئۇ يالماۋۇزنىڭ جېنى ساقلىنىۋاتقان قاراڭغۇ ئورمانلىقتا بىز سېنى باشلاپ بارىمىز. ئەتە سەھەردە بىر چوڭ قۇش سېنى ئالغىلى كېلىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنگىن، ئۇ سېنى بارىدىغان مەنزىلىڭگە باشلاپ بارىدۇ» دەۋاتقۇدەك... بىلال باتۇر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپتۇ، بامدات نامىزىغا تۇرۇپتۇ. راست دېگەندەك كۈن چىققاندىن كېيىن يوغان بىر قۇش ئۇلارنىڭ بارگاھىغا كېلىپ قونۇپتۇ ۋە بىلال باتۇرغا قاراپ تۇرۇپتۇ.



بىلال باتۇر باشقىلارنى مۇشۇ يەردە ئۆزىنى ساقلاشقا بۇيرۇپ، قۇشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قورقۇنۇچلۇق قاراڭغۇ ئورمانلىققا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ... بىر چاغدا ئوت دەرياسىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ، ئوت دەرياسىدىن تاغدەك ئوت دولقۇنلىرى چاچراپ تۇرغۇدەك. بىر چاغدا مۇز دەرياسىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ، مۇز دەرياسىدىن ئۆتكۈچە توڭلاپ قېتىپ قالايلا دەپتۇ، بىلال باتۇر يالماۋۇزنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇ سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپتۇ. يەنە بىر چاغلاردا شامال دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ، قاتتىق شامال ـ بورانىنىڭ دەھشىتى بىلال باتۇرنى ئۇچۇرۇپ، بەدىنىنى ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ، بىراق ئۇ يەنىلا

چىداپتۇ.قۇش ئۇن ـ تىنسىز ئۇچۇپ كېتىۋېرىپتۇ.يەنە بىر چاغلاردا ئۇلار بىر قاراڭغۇلۇققا يېقىنلاپ قاپتۇ.



بىلال باتۇر كۆڭلىدە ئاشۇ قاراڭغۇ ئورمانلىققا يېقىنلاپ قالغان ئوخشايمىز دەپ ئويلاپتۇ،دېگەندەك  قۇش ئۇچۇپ ئاشۇ قاراڭغۇ ئورمانلىقنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ ۋە ئۇنى چۈشۈرۈپتۇ.بىلال باتۇر يەرگە چۈشكەندىن كېيىن قۇش ئۇنىڭغا :

ـ بىلال باتۇر،بۇندىن كېيىنكى يولۇڭنى ئەمدى سەن ئۆزۈڭ يالغۇز باسسەن. دىققەت قىلغىن،ئورمانلىق ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق ۋە قورقۇنۇچلۇق مەخلۇقلار بار،سەن ئىچكىرىلەپ كىرىۋەرسەڭ ئورماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر كەپە بار،يالماۋۇزنىڭ جېنى ئاشۇ كەپىدىكى تورۇسقا ئېسىلغان بىر قۇتىنىڭ ئىچىدە.سەن شۇ قۇتىنى ئالغان هامان دەرهال بۇ يەرگە قايتىپ كەل،مەن سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن.ئاللاھ ساڭا ياردەمچى بولسۇن ـ دەپتۇ.

بىلال باتۇر شۇنداق قىلىپ قاراڭغۇ ئورمانلىققا ‹ بىسمىللاھ ›دېگىنىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ.ئورمانلىقنىڭ هەممە يېرىدىن قورقۇنۇچلۇق ئاۋازلار كېلىپ تۇرىدىكەن.بىلال باتۇر



مېڭىۋېرىپتۇ.                                                  بىر چاغدا غەلىتە نەرسىلەرنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ،بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئىنتايىن چوڭ زەهەرلىك يىلانلار

قاپلىۋاپتۇ. بىلال باتۇر قىلىچىنى چىقىرىپ يىلانلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. يەنە ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىگە بىرنەرسىلەرنىڭ يامىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ ،سان ـ ساناقسىز زەھەرلىك چايانلار ئۇنى ئورىۋالغان ئىكەن ! بىلال باتۇر « لا ئىلاھەئىللەللاھ » دەپ قورقماستىن مېڭىۋېرىپتۇ ،زەھەرلىك چايانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىغان بولسىمۇ ،ئۇنىڭغا قىلچە كار قىلماپتۇ ،بەلكى ئۆزلىرى ئۆلۈشكە باشلاپتۇ ۋە بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. يەنە مېڭىۋېرىپتۇ ،بىر چاغدا ئۇنىڭغا يەنە قاپقارا ،يىرىك بىر نەرسىلەر ياماشقىلى تۇرۇپتۇ ،بىلال باتۇر زەھەرلىك ئۆمۈچۈكلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە يەنە « لائىلاھەئىللەللاھ » دېگىنىچە مېڭىۋېرىپتۇ . . .ئۆمۈچۈكلەرنىڭ زەھىرى ئۇنىڭغا يەنە زىيان يەتكۈزەلمەپتۇ ۋە ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىلال باتۇرنىڭ ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان دەرەخ شېخى قورقۇنۇچلۇق بىر ئاۋاز چىقىرىپلا ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپتۇ ،بىلال باتۇرنىڭ پۈتۈن ـ بەدىنى ماغدۇرسىزلىنىپ ،كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئاستا ـ ئاستا يەرگە يىقىلىپتۇ . . . . بىر چاغلاردا ئۇ كىمنىڭدۇر چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپتۇ ،ئاپىسىنىڭ ئاۋازىدەك قىلامدۇ نېمە؟شۇنداق ئاپىسىكەن ،ئۇ شېئىر ئوقۇۋېتىپتۇ:

بىلال باتۇر ،بىلال باتۇر

قىلىچىنى ئوينىتۇر.

يالماۋۇزنى يوقىتىپ ،

ھەممىمىزنى شاد ئېتۇر.

بىلال باتۇر ،بىلال باتۇر ،

قوپ ئورنۇڭدىن ، تېز دەس تۇر!

ۋەھشىي دۈشمەنگە يەنە

سەندىن باشقا كىم تېتۇر !

بىلال باتۇر شۇ ئاۋازلارنىڭ تۈرتكىسىدە قىينىلىپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئارانلا ئېچىپتۇ ۋە



خىرە ـ شىرە يورۇقلۇق ئىچىدە ئاپىسىنى كۆرۈپتۇ ! ئۇ ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرغۇدەك، ئاپىسى ئۇنىڭغا:


جېنىم بالام، ئورنۇڭدىن تۇرغىن، تېز يۈرتۈڭنى ۋە قېرىنداشلىرىڭنى يالماۋۇزنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرغىن! ئاللاھ ساڭا ياردەم قىلىدۇ ئوغلۇم! ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئورنۇڭدىن تۇرغىن! . . . . . . . . . . تۇرغىن . . . . . ـ دەۋاتقۇدەك .

بىلال باتۇر بىردىنلا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ ۋە « بىسمىللاھ » دەپلا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپتۇ، ئورنىدىن دەست تۇرۇپتۇ ۋە ئورمانغا قاراپ ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ ! نۇرغۇن قورقۇنۇچلۇق نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىپ، ئاخىر ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى



يالماۋۇزنىڭ كەپىسىنى تېپىپتۇ . بىلال باتۇر كەپە ئىچىگە كىرىپ يالماۋۇزنىڭ جېنى بار قۇتىنى ئاپتۇ ۋە دەرھال يېنىپ چىقىپ ئورمانلىق سىرتىغا قاراپ يۈگۈرەپتۇ . ئورمانلىق سىرتىدا قۇش ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن . بىلال باتۇرنى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى قۇتىنى كۆرگەن قۇش ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە بىلال باتۇرغا تېز ماڭايلى، دەپلا ئۇنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بارگاھىغا قاراپ

مېڭىپتۇ.قۇشلار،ھايۋانلار ئۇلارنى تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلىشىپ تۇرغان ئىكەن.بىلال باتۇرنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ھەممىسى خوشاللىقتىن ۋارقىرىشىپ،يىغلىشىپ كېتىپتۇ.قۇش بىلال باتۇرنى يەرگە چۈشۈرگەندىن كېيىن،بۇنى ئېلىپ تېز شەھەرگە قايتقىن،ئاندىن يالماۋۇزنى كۆرگەن ھامان،ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ قۇتىنى ئېچىپ،ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىك قۇرۇتنى مىجىپ ئۆلتۈرگىن،شۇندىلا يالماۋۇز ئۆلىدۇ،كۆپ دىققەت قىل،ئۇ قۇتىنى



تارتىۋالمىسۇن-دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىلال باتۇر شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ،شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەنچە گۈزەل يۇرتىنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى،ھەممە يەرنى ئىس-تۈتەكلەر قاپلاپ،يىغا-زارىلەر ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ،تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىلگەن كىشىلەرنى




كۆرۈپتۇ. بىلال باتۇر قەھر-غەزەپ بىلەن ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى شەھەرگە كىرىپتۇ،شەھەردىن ئۇچۇپ چىققان بىر قۇش ئۇنىڭغا يالماۋۇزنىڭ بار يېرىنى دەپ بېرىپتۇ.بىلال باتۇر ئۇنىڭ يېنىڭغا قاراپ ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپتۇ.ۋەھشىي يالماۋۇز ئاغزىلىرىدىن ئوت پۈركۈپ ئۆيلەرنى كۆيدۈرىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بىلال باتۇرنى كۆرۈپلا كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ،ئۇنىڭ قولىدىكى ئۆزىنىڭ جېنى بار قۇتىنى كۆرۈپ تېخىمۇ بەك ۋەھشىيلىكى تۇتۇپتۇ ۋە ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان بىلال باتۇرغا ئېتىلىپتۇ.بىلال باتۇر دەرھال قۇتىنى ئېچىپ،قۇتىدىكى رەزگى قارا قۇرۇتنى مىجىپلا ئۆلتۈرۈپتۇ! شۇنىڭ بىلەن قانخور يالماۋۇز ئاستا-ئاستا ئېرىپ،توزۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە قاپقارا بىر ئوچۇم كۈلگە ئايلىنىپ قاپتۇ ،كەينىدىنلا كۈچلۈك بىر قۇيۇن پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ كۈلىنى

ئۈچۈرۈپ، كۆككە سورۇۋېتىپتۇ! شۇنداق قىلىپ يالماۋۇز ئاخىرى يوقىتىلىپتۇ!



تاشقا ئايلانغان كىشىلەر يالماۋۇز ئۆلۈشى بىلەن تەڭلا ئەسلىگە كەپتۇ ۋە بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئاللاھقا تەشەككۈرلەر ئېيتىشىپتۇ. يىراقتىن بىلال باتۇرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، سىڭلىسى يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ئۇنى قۇچاقلاپ، باغرىغا بېسىپتۇ. ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىنى ۋە يۇرتىنى يالماۋۇزدىن قۇتقۇزغان كىچىك بىلال باتۇرغا ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىپتۇ، قۇشلار، ھايۋاناتلار ئۇنى كۆتۈرۈشۈپ، تەنتەنە قىپتۇ، شەھەر گەرچە خارابىلىككە ئايلانغان بولسىمۇ، غەلىبە خوشاللىقى ۋە كۈلكە سادالىرى ئىچىدە قايناپ ـ تاشقىنلىقتا چۆمۈپتۇ.




شەھەردىكى كىشىلەر تېزلا ئۆيلىرىنى ۋە مەسچىتلىرىنى يېڭىلاپ سىلىپتۇ. كىشىلەر بۇرۇنقىدەكلا مەسچىتلەرگە بېرىپ خاتىرجەم نامازلىرىنى ئوقۇپتۇ، شەھەرنى تېخىمۇ گۈزەل، پاكىزە، ئىمان ـ ئېتىقاد، گۈزەل ئەخلاق، تەقۋالىقتا، ئىلىم ـ مەرىپەتكە، ياخشىلىقتا تولغان ئىللىق ماكانغا ئايلاندۇرۇپتۇ.



بىلال باتۇر ئاتا ـ ئانىسى ،سىڭلىسى بىلەن

بىللە يەنە بۇرۇنقىدەك خوشال ـ خورام ،بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ .




## كەپسىز ئېيىقچاق

كەڭ بىر ئورمانلىقتا ئوماق بىر ئېيىقچاق ياشايدىكەن.ئۇ شۇنچىلىك شوخ ـ كەپسىز ئىكەنكى ،تىنىم تاپماي ئويناپ ـ سەكرەپلا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى كەپسىز ئېيىقچاق ئاشۇنداق ئويناپ يۈرۈپ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ كېتىپتۇ.ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قارىسا ئاپىسى



يوقكەن،ئۆيىدىن يەيدىغان ھېچنەرسە تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلاپتۇ.ۋايجان ! ئاپام قاچان قايتىپ كېلەر؟ئەجەبمۇ قورسىقىم ئېچىپ كەتتىغۇ...دەپ تىتىلداشقا باشلاپتۇ ۋە ئاپىسىنى ئىزدەپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ.ئۇ شۇنداق مېڭىپ كېتىۋېتىپ بۇرنىغا بىردىنلا ھەسەل ھىدى پۇراپتۇ.ۋاھ ! بۇ پۇراق قەيەردىن كېلىۋاتقاندۇ؟ تاتلىق ھەسەلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ۋە ھىدىدىن مەست بولغان ئېيىقچاقنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ.ئۇ تۇمشۇغىنى ئۇشلاپ پۇراپ،پۇراپ...يۈرۈپ ئاخىر ھەسەل ھىدىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى يوغان بىر دەرەختىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ.نۇرغۇن چۈمۈلىلەرمۇ شۇ ھەسەللەرنى يېيىش ئۈچۈن ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگەن بولۇپ،دەرەخ غوللىرىدا تولا مېڭىپ كىچىك يوللارنى ھاسىل قىلىۋەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا ۋە ھەسەلنىڭ مېزىلىك ھىدىغا چىدىمىغان ئېيىقچاق ئاستا دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلىپتۇ، تەلىيىگە



ھەرە كۆنىكىدە بىرمۇ ھەرە يوق ۋاقتى ئىكەن.

ئېيىقچاقنىڭ ساپسېرىق ھەسەللەرنى كۆرۈپ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ،ئاغزىغا سېرىق سۇلار كەپ كېتىپتۇ ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن ئوچۇملاپ ئېلىپ ھەسەل يېيىشكە باشلاپتۇ...بىردەمدىن كېيىن ئېيىقچاق كەينى تەرىپىدىن غوڭ ـ غوڭ،غوڭ ـ غوڭ،غوڭ ـ غوڭ...قىلغان ئاۋازلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ ،كەينىگە شۇنداق ئۆرۈلۈپ قاراپ بىر توپ ھەرىلەرنىڭ بۇ

دەرەخكە قاراپ ئۇچۇپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ ! ئاپلا ،چاتاق بولدى! ھەرىلەر قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، تېز قاچاي !



ئېيىقچاق شۇنداق دەپلا دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ .ھەرىلەر بولسا ئىز بىسىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىپتۇ ۋە ئۇنى چېقىشقا باشلاپتۇ .ئۇ قېچىپتۇ ،قېچىپتۇ ،ھەرىلەرمۇ توختىماي قوغلاپ ئۇنى چېقىپ راسا ئەدىبىنى بېرىپتۇ .كەپسىز ئېيىقچاق ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ،يا ھەرىلەردىن قۇتۇلالماي دەريا تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپتۇ .ھەرىلەر بولسا قىرغاقتا غوڭۇلداشقان پېتى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپتۇ .



ھەرە ئاپا ئېيىقچاقىقا قاراپ:

ـ ھەي ئېيىقچاق ،سەن نېمە دېگەن ئەدەپسىز بالا ھە؟ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىزلا كىرىپ ،ئۆي ئىگىسىدىن سورىمايلا ھەسەل يېگەننى ئاز دېگەندەك ،يەنە ئۆيىمىزنى بۇزۇپ ،قالايماقان قىلىۋېتىپسەن .ساڭا ساۋاق بولسۇن دەپ ئازراق ئەدەپلەپ قويدۇق .بۇندىن كېيىن بۇنداق يامان ئادەتلىرىڭنى تۈزەتكىن ،بۇ مۇسۇلمان بالىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ،ئەگەر يەنە مۇشۇنداق ئىش قىلساڭ سېنى ھەرگىز بوش



قويۇۋەتمەيمەن ـ دەپتۇ .

كەپسىز ئېيىقچاق ئۇششۇقلۇق بىلەن:

ـ ۋاي ـ ۋۇي! ئازراق ھەسلىگىلارنى يەپ قويغانغا نېمە بولاتتى،ئۇنىڭغىمۇ شۇنچە ئاچچىقلاش كېتەمدۇ؟سىلەرمۇ راسا چېقىپ،مېنى قوغلاپ ئۆچۈگىلارنى ئېلىۋالدىڭلارغۇ ئەنە ! بەك رەھىمسىزكەنسىلەر ـ دەپتۇ .

ئېيىقچاقنىڭ بۇنداق ئۆكتەملىكىدىن خاپا بولغان ھەرە ئاپىنىڭ ئەمدى راسلا ئاچچىقى كەپتۇ .

ـ نېمە؟سەن تېخى خاتالىقىڭنى تونۇپ،بىزدىن كەچۈرۈم سورىماقتا يوق،ئاشۇنداق يولسىزلىق قىلامسەن؟كىچىك بالىمۇ چوڭلارغا شۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلامدۇ؟مەن سېنى ھەسەل يېگىنىڭ ئۈچۈن ئەمەس،مۇشۇنداق ناچار ئادەتلىرىنى تۈزىتىۋالسۇن،ئۆزگەرتسۇن،دەپ تەنبىھ بېرىپ قوياي دېگەنتىم.سەن تېخىچە خاتالىقىڭنى



بىلمەيسەن.بالىلىرىم،كېلىڭلار ئۇنى قايتا بىر ئەدەپلەپ قويۇڭلار !

شۇنىڭ بىلەن ھەرىلەر يەنە غوڭۇلداپ كېلىپ ئېيىقچاققا ئېتىلىپتۇ،ئېيىقچاق يەنە دەرھال سۇغا چۆكۈۋاپتۇ،ئۇ سۇدىن بېشىنى چىقارسىلا ھەرىلەر يەنە ئۇنى چېقىش ئۈچۈن ئېتىلىپ،ئۇنىڭغا ئارام بەرمەپتۇ.ئېيىقچاق بەكمۇ ھالىدىن كېتىپتۇ.ئۇنىڭغا قاراپ سۇدىكى بېلىقلار،پاقىلار خوپ بولدى،خوپ بولدى...دېيىشىپ، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.قۇشلار ئەتراپىدا ئۇچۇپ:

بار ئىكەن بىر ئېيىقچاق

ھەسەل يەپتۇ ئوغۇرلاپ.

ئۇنى راسا چېقىپتۇ ،

ھەرىچاقلار ئاچچىقلاپ.

كەپسز ئېيىق قېچىپتۇ،

ئورمانلىقتىن چىقىپتۇ.

قاچىدىغان يېرى يوق

سۇ ئىچىگە مۆكۈپتۇ.

ھەي ـ ھەي كەپسز ئېيىقچاق،

سەن ھەسەلگە تويدۇڭمۇ؟

خاتا ئىشنى قىپ قويۇپ،

جازايىڭنى تارتتىڭمۇ؟



دەپ شېئىر ئوقۇپ،كۈلۈشۈپ ئۇنى تېرىكتۈرۈپتۇ.

ھەرە ئاپا ئۇنىڭ بىچارە ھالىغا قاراپ:

ـ باللىرىم،بولدى يۇرۇڭلار ئۆيگە قايتىپ كېتەيلى،ئېيىقچاق ئەمدى يەنە مۇشۇنداق يامان ئىش قىلىدىغان بولسا ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئەدەپلەپ قويىمىز ـ دەپ كۆزىنى قىسىپ



قويۇپ،باللىرىنى باشلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

خېلى ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەمدى راستلا كېتىپ قالغانلىقىغا ئىشەنچ

قىلغان ئېيىقچاق سۇدىن چىقىپتۇ.ھەم چارچاپ،ھەم ھەرە چېقىۋالغان يەرلىرى قاتتىق ئاغرىغان،قورقۇپ كەتكەن ئېيىقچاق پۈتۈن بەدىنى ھۆل،سۇ ئېقىپ تۇرغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.ئۇنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالماي تىتىلداپ تۇرغان ئېيىق ئاپا بالىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.ئاپىسىنى كۆرگەن ئېيىقچاق ھۆكۈرەپ يىغلاپ،ئۆيىنى بېشىغا



كىيىپتۇ. ھەرىلەر مېنى چېقىپ بوزەك قىلدى،دەپ چېقىشتۇرۇپتۇ.

ـ راستمۇ؟ ھەرىلەر نېمشقا سېنى چاقىدۇ بالام؟نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپتۇ ئېيىق ئاپا بالىسىغا قاراپ ئىچى ئاغرىغان ھالدا، ـ بىرەر ئەسكى ئىش قىلىپ ئۇلارنى رەنجىتىپقۇ قويمىغانسەن ھە بالام؟

ـ مەن قانداق ئەسكى ئىش قىلاتتىم! ـ دەپتۇ ئېيىقچاق ئاچچىقلاپ ـ سىز بىلمەمسىز ئاپا ھەرىلەرنىڭ قانداق يولسىزلىقىنى؟چېقىۋېرىدۇ ئۇلار چاققۇسى كەلسە ئاشۇنداق !

ـ ھە مۇنداق دېگىن،ئەمسە مەن بېرىپ ئۇلاردىن سوراپ باقايچۇ،نېمشقا مېنىڭ ئوماق بالامنى بۇنداق بوزەك قىلىشىدۇ ئۇلار.

ـ ۋاي،ياق ـ ياق ئاپا،بولدى بارمايلا قويۇڭ،بىكار سىزنىمۇ چاقمىسۇن يەنە ئۇ ئەسكىلەر ـ دەپتۇ ئېيىقچاق ئاپىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ.



ـ ياق بالام،مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ نېمشقا بۇنداق يولسىزلىق قىلغانلىقىنىڭ

سەۋەبىنى سوراپ بىقىشىم كېرەك.سىنى بوزەك قىلسا ئىچىم ئاغرىمامدۇ مىنىڭ !

ـ سورىسىڭىزمۇ بەربىر ياخشى گەپ قىلمايدۇ ئۇلار.

ـ نىمىشقا بالام؟ھە،قارىغاندا بۇيەردە ئازراق مەسىلە بارغا ئوخشايدۇ،ياكى مەن بېرىپ سوراپ باقاي ياكى سەن ماڭا نىمە ئىش بولغىنىنى ئۆزۈڭ دەپ بېرىسەن ـ دەپتۇ ئېيىق ئاپا ـ چۈنكى ئۇ بالىسىنىڭ كەمسىزلىكىنى بىلگەچكە باشتىنلا بالىسىنىڭ بىكارلا بوزەك قىلىنمىغىنىنى كۆڭلى پەملەپ يەتكەنىكەن.

ـ ھىچ،ھىچ ئىش يوق دېدىمغۇ ـ ئەمدى ئېيىقچاق ھودۇقۇشقا باشلاپتۇ.

ـ راست گەپ قىل بالام،يالغان گەپ قىلساڭ مەن ياقتۇرمايمەن،ھەممە بىزار بولىدۇ بۇنداق بالىدىن.

شۇنىڭ بىلەن ئېيىقچاق دۇدۇقلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.ئېيىق ئاپا يۈزبەرگەن ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەم بالىسىغا خاپا بوپتۇ ھەم ئۇنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن جازالانغان قىزىق جەريانلارنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.



ـ ھا،ھا،ھا...بالام،قىلغان خاتا ئىشىڭ ئۈچۈن شۇ ھامانلا جازاسىنى تارتىپسەن مانا.ساڭا ھىچ ئۇۋال قىلىنغان يېرى يوقكەن.پەيغەمبىرىمىز«ئاللاھ ئوغرىغا مەرھەمەت قىلمىغاي!‹‹بۇخارى››»دىگەن بىر ھەدىسدە.ئوغرىلىقنىڭ جازاسى بەك قاتتىقتۇر بالام،ئۇ كەچۈرىلىدىغان ئىش ئەمەس.ئاللاھمۇ،پەيغەمبەرمۇ خاپا بولىدۇ بۇنداق يامان قىلىقتىن.سەن ئۆز قىلمىشىڭ ئۈچۈن تېگىشلىك جازانى تارتىپسەن.ئەمدى بۇنداق يامان ئىش قىلمىغىن بالام، سەن بۇقەدەر بىر ئەدەپسىزلىك،گۇناھ ئىشنى قىلساڭ ۋە مېنى ھەمدە

ئۆزۈڭنى ئاشۇنداق ئۇياتقا قالدۇرساڭ توغرا بولامدۇ؟خەق ئاڭلىسا مېنى بالىسىنى ياخشى تەربىيەلىمەپتۇ،دەپ ئەيىپلەشمەمدۇ؟مەن مۇشۇنداق ئۆگەتكەنمىدىم ساڭا؟



ئېيىقچاق ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ،قىلغان ئىشى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىپتۇ.ئەمدى بۇنداق يامان ئىشنى قىلمايمەن، شۇ بەك قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ كەتكەنتى،شۇنداق ئىشنى قىلىپ ساپتىمەن،ئەمدى خاتالىقىمنى تونۇدۇم جىنىم ئاپا،مېنى كەچۈرۈڭ-دەپ ئاپىسىغا يالۋۇرۇپتۇ.

ئېيىق ئاپا بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

-قورسىقىڭ ھەرقانچە ئېچىپ كەتسىمۇ باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سورىماي يېيىشىڭ،يەنە كېلىپ ئۆيگە رۇخسەتسىز كىرىپ يېيىشىڭ دۇرۇس بولامدۇ بالام؟بۇ بەك يامان كۆرۈلىدىغان ئىش ھەم خەقنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش دېگەن توغرا ئەمەس.سېنىڭ خاتالىقىڭنى تونۇغىنىڭ ياخشى بولدى،يۈر ئەمدى مەن بىلەن بىللە بېرىپ بوغۇن ئاپاشتىن كەچۈرۈم سورىغىن،سەن يەۋالغان ھەسەل ئۈچۈن مەن بايا سېتىۋالغان ھەسەلنى ئۇلارغا تۆلەپ بېرەيلى-دەپتۇ.ئېيىقچاق ماقۇل ئاپا دەپ يۇۋاشلىق بىلەن گەپ ئاڭلاپتۇ.شۇنىڭ



بىلەن ئۇلار بىر قۇتا ھەسەلنى ئېلىپ ھەرىلەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ

مىڭىپتۇ.ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ ،ھەرە ئاپا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ ئېيىقچاق بىلەن ئاپىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ،چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ ۋە خۇشاللىق بىلەن:

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ـ دەپ سالام قىلىپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ .



ئېيىقچاق بولسا بوغۇن ئاپىنى كۆرۈپ قورقۇمسىراپ ئاستا ئاپىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈپتۇ.ئېيىق ئاپا بوغۇن خانىمنىڭ سالىمىغا(ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھ) دەپ چىرايلىق جاۋاپ قايتۇرۇپ،ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ ۋە خىجىلچىلىق ئىچىدە بالىسىنىڭ بۇگۈنكى ئىشى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ كەلگەنلىكىنى



ئېيتىپ،بىر قۇتا ھەسەلنى بوغۇن خانىمغا سۇنۇپتۇ.

ـ ۋاي بۇ نىمە قىلغىنىڭىز ئېيىق ئاچا، ـ دەپتۇ بوغۇن خانىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا ـ مەن بۇ كىچىك كەپسىزنى يەنە داۋاملىق بۇنداق يامان ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەرمىسۇن،خاتالىقىنى تونۇپ،ئۆزگەرسۇن دەپلا ئازراق تەنبىھ بىرىپ قويغان.بىر ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن سىزنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.قىلغىنىم ھەرگىزمۇ بالىڭىزنى جازالاپ،ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس.ئەگەر بۇنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەسەل يېگۈسى كەلسە،يېنىمغا كېلىپ تارتىنماي سورىسىلا بولىدۇ،بىزدە

ھەسەل دېگەن كۆپقۇ؟مۇھىمى ئۇنىڭ خاتالىقىنى تونۇشى.سىز ئېلىپ كەلگەن بۇ بىر قۇتا ھەسەلنى ئېيىقچاق يېسۇن،يەنە بىر قۇتا ھەسەل سوۋغا قىلاي بۇ كەپسىزگە،مېنىڭ ئۇنى جازالىغىنىم ئۇچۇن كەچۈرۈم سورىغىنىم بولسۇن.ئوغۇرلۇقچە يېگەن ھەسىلىمۇ ھەسەل بولمىدى بۇگۇن ئۇنىڭغا-دەپتۇ بوغۇن ئاپا كۆلگىنىچە.شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا يەنە بىر چوڭ



قۇتا ھەسەلنى ئېلىپ چىقىپ سوۋغات قىپتۇ.

كىچىك ئېيىقچاق بوغۇن ئاپىنىڭ بۇنداق كەڭ قورساق،مېھرىبانلىقىدىن بەكمۇ تەسىرلىنىپتۇ ۋە:

-كەچۈرۈڭ بوغۇن ئاپا،مەن خاتا قىپتىمەن،ئەمدى ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلمايمەن-دەپ خاتالىقىنى ئېتراپ قىلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئېيىقچاق ئاپىسى بىلەن ئىككى قۇتا ھەسەلنى ئېلىپ،خۇشال-خورام ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ.ئاپىسى يولدا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن:

- قارا بالام،سەن خەقنىڭ ھەسلىنى ئوغۇرلاپ يەپ،كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىۋىدىڭ،باشقىلارغىمۇ،ئۆزۈڭگىمۇ ئاۋارىچىلىق ۋە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەردىڭ.خاتالىقىڭنى تونۇغاندا بولسا ساڭا ئاللاھ ئەجرىڭسىزلا نېمەت بەردى.شۈكۈر قىلىش ۋە ياخشى بولۇشنىڭ مۇكاپاتى ياخشىمىكەن ياكى يامانلىق قىلغانىنىڭ مۇكاپاتى



ياخشمكەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

كەپسز ئېيىقچاق ئاپسىنىڭ نەسھەتلرىنى ئاڭلاپ قايىل بولغىنىچە بېشىنى لىڭشتىپتۇ ۋە خىجىل بولۇپ، تىلىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇنداق يامان ئادەتلرىنى ۋە ئەدەپسزلىك، كەپسزلىكلرىنى تۈزىتىپ، بارا ـ بارا ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدىغان ،ماختىشىدىغان ياخشى بالا بولۇپ كېتىپتۇ.




## توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى

بۇرۇن بىر توشقانچاق بولغان ئىكەن.ئۇ بەك تېز يۈگۈرەيدىكەن،ئەتراپتا ھېچكىممۇ يۈگۈرۈشتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىكەن.

بىر كۈنى توشقان دەريا بويىغا سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ ۋە بىر تاشپاقىنىڭ سۇدىن چىقىپ قىرغاقتا ئاستا ئۆمۈلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.ئۇنىڭ بەك ئاستا ئۆمۈلىشى ئۇنىڭغا قىزىق



تۇيۇلۇپتۇ ۋە ئۇنى مەنسىتمىگەندەك:

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم تاشپاقا دوستۇم،مەن بەك زېرىكىپ كەتتىم،ئىككىمىز يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ باقايلىچۇ؟ ـ دەپتۇ.

تاشپاقا:

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام توشقانچاق،سەن شۇنداق تېز يۈگۈرىدىغان تۇرساڭ،ئەلۋەتتە سەن بىرىنچى بولىسەن ـ دە ! ـ دەپتۇ توشقاننىڭ قەستەن دەۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلسىمۇ مۇلايىملىق بىلەن.

توشقانچاق يەنىلا جاھىللىق بىلەن پىكرىدە چىڭ تۇرىۋاپتۇ ۋە ئۇنى دەيدەيگە سېلىش ئۈچۈن :

ـ تاشپاقا،تاشپاقا ئۆمىلەيدۇ،كەچ كىرگۈچە بىر ئورۇندا چۆرگىلەيدۇ ـ دەپ ناخشا



ئېيتىپ،قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

تاشپاقنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە:

ـ بوپتۇ يۈگۈرۈشسەك يۈگۈرۈشتۇق،كىمدىن كىم قورقاتتى ـ دەپ نېمىلا بولسا يۈگۈرۈپ باقماقچى بوپتۇ.توشقان بولسا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ھالدا:

چوقۇم بىرىنچى بول جۇمۇ ـ دەپتۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن.

ـ ئاللاھ خالىسا بىرىنچى بولىمەن ـ دەپتۇ تاشپاقىمۇ ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ ،ئۈمۈدۋار ھالدا.

توشقان ئۆزىچە تاشپاقىنى زاڭلىق قىلىپ ئىچىدە كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ما تاشپاقىنىڭ ئۆزىچە بىرىنچى بولىمەنىي،دەپ كەتكىنىنى،مانا مەن بىرىنچى بولىمەن،بۇ يەردە يۈگۈرۈشتە كىم مېنىڭ ئالدىمغا يېتەلىسۇن ـ دەپ ماختىنىپتۇ.



ئۇلارنىڭ يېنىدىكى دەرەخكە قونۇپ تۇرغان بىر سېرىق قۇشقاچ توشقاننىڭ تەكەببۇر تۇرقىغا قاراپ:

ـ ھەي توشقانچاق،تاشپاقىنىڭ دىگەن گېپىنىڭ ھېچ خاتاسى يوققۇ؟ ئاللاھ خالىسا ئۇ سەندىن تېز يۈگۈرۈپ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا كىم غەلبە قىلالىسۇن؟ ـ دەپتۇ.

توشقان بولسا ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي بويىنىنى تولغاپ يۈگۈرۈشكە تەييارلىق قىلايلى ـ دەپتۇ تاشپاقىغا.

سېرىق قۇشقاچ ـ ھەي،ي،ي...دەپ بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ ـ يۇ،ئارتۇق گەپ

قىلماپتۇ.




ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارغا باھالىغۇچى رېپىر بولۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. كىم ئالدىدىكى كىچىك تاغ چوققىسىدىكى دەرەخ تۈۋىگە بىرىنچى بولۇپ يېتىپ بارسا شۇ ئۇتقان بولىدىغان بوپتۇ.



شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ

بىر، ئىككى، ئۈچ... باشلاڭلار! ـ دېيىشى بىلەن تەڭ ئۇلار ئىككىسى نىشانغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. توشقان بولسا بىر يۈگۈرۈپلا قۇيۇندەك تېز ئىلگىرىلەپ، يىراقلاپ كېتىپتۇ، تاشپاقا كەينىدە قاپتۇ. توشقان گۈللەرنى پۇراپ، كېپىنەكلەرنى قوغلاپ، سەكرەپ ـ تاقلاپ شۇنچە ئاستا يۈگۈرسىمۇ تاشپاقا ئۇنىڭغا يېتىشەلمەپتۇ دېمەپتۇ، قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.




ئۇ شۇنداق ئويناپ يۈرۈپ، ھېرىپ، بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە يېتىپ، لاي ـ لاي ـ لاي، لاي ـ لاي ـ لاي! مەن چوقۇم غەلىبە قىلاي! ـ دەپ ناخشا ئېيتىپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ مۇسابىقىدە بىرىنچى بولۇشىغا قاتتىق ئىشىنىپ، شېرىن خىياللارنى




قىلا ـ قىلا . . . كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇيقىغا كېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ .

خېلى ئۇزاق بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تاشپاقا ئاران بۇ دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا توشقان راھەتلىنىپ يېتىپ، خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ تاتلىق ئۇخلاپ كەتكەن ئىكەن. ھېرىپ، ھالىدىن كەتكەن تاشپاقىنىڭمۇ بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋالغۇسى كەپتۇ ، بىراق ئۆزىنىڭ بەك ئاستا يۈگۈرەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، يەنىلا  بوشاشماي ئالدىغا قاراپ يۈگۈرەۋېرىپتۇ .

كەچ كىرىپ، ئاستا ـ ئاستا قۇياش تاغ كەينىگە پېتىشقا باشلاپتۇ. دەرەخ تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقان توشقانچاق يۈزىگە چۈشكەن بىر تال يوپۇرماقنىڭ چۆچۈتىشى بىلەن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ ۋە قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ



سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ .                    تاشپاقا قېنىدۇ؟ ئۇ كەينىگە قاراپ ئۇنى كۆرەلمەپتۇ، ھە ئۇ مىس ـ مىس بەلكىم تېخى يېرىم يولغىمۇ كەلمىگەندۇ ـ دەپ ئۆزىنى بەزلەپ، داۋاملىق يۈگۈرەش ئۈچۈن، كەينىگە قايرىلىپ شۇنداق تاغ باغرىغا قارىغان ئىكەن، تاشپاقىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارايلا دەپ قالغانلىقىنى



كۆرۈپتۇ ! ئاپلا ،چاتاق بولدى ! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق

ئۇ تاغ چوققىسىغا قاراپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپتۇ ،ئەمما ئۇ بەلگىلەنگەن دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەلگەندە بولسا ،تاشپاقا ئاللىقاچان دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ بولغانىدى !باشقىلار ئۇنى تەبرىكلىشىۋاتاتتى!

توشقانچاق لېۋىنى چىشلىگىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ .سىرىق قۇشقاچ:

ھەي توشقانچاق ،توشقانچاق ،

سەن نېمانچە ماختانچاق .

تاشپاقىغا يېڭىلدىڭ ،

ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلاپ .

كەمتەر بولغىن دېگەنغۇ ،

بىزنى ئۇلۇغ رەببىمىز .

تەككەببۇرنى ياقتۇرماس

ھەمدە پەيغەمبىرىمىز .




دەرس شېئىر ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا :

ـ ھەي توشقانچاق، بايا ئۆزۈڭگە قاتتىق ئىشىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كەتكەن ئىدىڭ، ئەمما تاشپاقىغا يېڭىلىپ قالدىڭ. سەن ھەرقانچە تېز يۈگۈرسەڭمۇ، غەلبە پەقەت ئاللاھ خالىسىلا سېنىڭ بولىدۇ. تاشپاقا ‹ئاللاھ خالىسا چوقۇم بىرىنچى بولىمەن› دەپ ئاللاھقا ئىشىنىپ، بوشاشماي يۈگۈرگەچكە ئۇ سېنى يېڭىۋالدى، غەلبە ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولدى. پەيغەمبىرىمىز: « ئاللاھ ماڭا ‹ كەمتەر بولۇڭلار، ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ ئالدىدا چوڭچىلىق قىلىپ مەغرۇرلانمىسۇن › دېدى» دېگەن ئەمەسمىدى(مۇسلىم) بىر مۇبارەك ھەدىسىدە؟ سېنىڭ كىبىرىڭ ۋە ماختانچاقلىقىڭ سېنى ئۇياتقا قالدۇردى مانا ـ دەپتۇ.



مۇسابىقىدە يېڭىلگەن ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ قاتتىق خىجىلچىلىقتا قالغان توشقانىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، باشلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇيالغىنىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىغان، كەمتەر بولۇپ ئۆزگىرەپتۇ.




# كىچىك ياۋا ئۆردەك چۆجىسىنىڭ ھېكايىسى

## 1. سەت ياۋا ئۆردەك چۆجىسى



بۇرۇنقى زاماندا گۈزەل بىر يېزىدا، بىر ئورمانلىق، ئورمانلىقتا بىر كىچىك كۆل بار ئىكەن. يىراق جەنۇپتىن كەلگەن ياۋا



ئۆردەكلەر بۇ كۆلنى ماكان تۇتقان ئىكەن. باھار

كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر ياۋا ئۆردەك ئاپا شۇ كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقتا تۇخۇم

بېسىپ جىق چۆجە چىقىرىپتۇ.«ۋاق ! ۋاق !» بىرىنچى تۇخۇم يېرىلىپ،بىر ياۋا

ئۆردەك چۆجىسىنىڭ بېشى چىقىپتۇ.«ۋاق! ۋاق!» ئىككىنچى تۇخۇم يېرىلىپ

ئۇنىڭدىنمۇ بىر ياۋا ئۆردەك چۆجىسى چىقىپتۇ.«ۋاق !ۋاق!» ئۈچۈنچى تۇخۇم

يېرىلىپ،ئۇنىڭدىنمۇ يەنە بىر ياۋا ئۆردەك چۆجىسى بېشىنى چىقىرىپتۇ.بۇلار

بىر ـ بىرىدىن ساپسېرىق،تۈكلىرى چىرايلىق ئوماق چۆجىلەر ئىكەن.



يەنە بىر تۇخۇم بولسا تېخىچە يېرىلماپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ،ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ،بۇ تۇخۇم ئاخىرى يېرىلىپتۇ،ۋاييەي ! نېمە

دېگەن يوغان،نېمە دېگەن سەت نېمە بۇ؟ تۇخۇمدىن چىققان بۇ ياۋا ئۆردەك

چۆجىسى باشقا چۆجىلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن.



ئاكا ـ ھەدىلىرى ئۇنى ياقتۇرماپتۇ،قوشنىلىرىمۇ

ئۇنى زاڭلىق قىلىشىپ:«سەن بەك سەت نېمەكەنسەن!»دېيىشىپتۇ.كۆپچىلىكنىڭ

ھەممىسى ئۇنى ‹سەت ئۆردەك چۆجىسى› دەپ چاقىرىپتۇ.



كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى ئاستا ـ ئاستا چوڭ بوپتۇ، باشقىلاردەك قانات قېقىپ ئۇچالايدىغانمۇ بوپتۇ. بىراق ھەممەيلەن يەنىلا ئۇنى سەت دەپ ياراتماي،



ئارىسىغا ئېلىشنىمۇ خالىماپتۇ. بىر كۈنى كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى ئۇلار بىلەن ئوينىماقچى بولغاندا ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، سەت دەپ كۆڭلىگە ئازار بېرىپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق يېرىم بوپتۇ ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىپ يىغلىغان پېتى ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.



ئۆردەك ئاپا بالىسىنىڭ يىغلاپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى:

ـ ئاپا، ئۇلار نېمىشقا مېنى سەت دەپلا شۇنداق ئازار بېرىدۇ؟ مېنى نېمىشقا ئارىغا ئالمايدۇ، ياراتمايدۇ؟ مەن شۇنداق سەتمۇ؟ سەت بولسا باشقىلار ئۇنى ياخشى



كۆرمەمدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ.

ئۆردەك ئاپا بۇنى ئاڭلاپ كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـ جېنىم بالام، مېنىڭ نەزىرىمدە سەن دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق بالا، مەن ساڭا شۇنداق ئامراق. بىركىمنىڭ سەت ـ چىرايلىق بولۇشىنى ئۇ ئۆزى خالاپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ شۇنداق ياراتقان. لېكىن ئاللاھ ئۇ كىم بولسۇن ئۇنىڭ چىرايلىق بولغىنى ياكى سەت بولغىنى، ئېگىز ياكى پاكار بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئاللاھنى تونىغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقى، ئۇ ياخشى بولغىنى، قەلبى گۈزەل بولغىنى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامۇ بىر ھەدىسىدە «ا الله تائالا شەكلىڭلارغا، مال ـ مۈلكىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى



دىللىرىڭلارغا، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارغا قارايدۇ» .

(ئىبنى ماجە: 4143) ئەلبانى (3342): سەھىھ، ـ دېگەن. ئەگەر سەن ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، بىلىملىك، تىرىشچان، ئاقكۆڭۈل، ئاللاھقا بويسۇنىدىغان، قەلبى ۋە تىلى گۈزەل بالا بولساڭلا ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىنشائاللاھ. ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ. باشقىلار سېنى سەت دەپ مەسخىرە قىلىشقاندا سەن خاپا بولساڭ ئۇلار سېنى تېخىمۇ تېرىكتۈرىدۇ، شۇڭا سەن ئۇلارغا پەرۋا قىلماسلىقنى ئۆگەنكىن.



شۇندىلا ئۇلار سېنى بۇ سەۋەپلىك رەنجىتەلمەيدۇ. بۇنى ھېچ ئۇنۇتما جېنىم قوزام ـ دەپتۇ .

ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ، كۆزياشلىرىنى سۈرتۈپتۇ، ئاپىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:



ـ ماقۇل، جېنىم ئاپا، گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ئاللاھمۇ، سىزمۇ ۋە ھەممەيلەنمۇ ياخشى كۆرىدىغان ياخشى بالا بولىمەن ـ دەپتۇ.

دېگەندەك شۇندىن كېيىن كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى باشقىلارنىڭ ئۇنى سەت دېيىشىگە پەرۋا قىلماپتۇ، خاپا بولماپتۇ، كۆڭلىنىمۇ يېرىم قىلماپتۇ ۋە




ئۇرۇشۇپمۇ يۈرمەپتۇ. ھەممەيلەنگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپتۇ، ياردەمگە موھتاج بولسا خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىپتۇ، ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈپتۇ. باشقىلار قوپال مۇئامىلە، يامان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلسىمۇ ئۇلارغا چىرايلىق

سۆز قىپتۇ. ناماز ئوقۇشنى،قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇشنى ئۆگىنىپتۇ.بارا ـ بارا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ.ھەرگىز ئۇنى سەت دەپ كەمسىتىپ،ئارىغا ئالمايدىغان ئىشنى قىلماپتۇ.



پەقەت تىلى،قەلبى ۋە ئىشلىرىمۇ گۈزەل كىچىك ياۋا ئۆردەك چۆجىسىگە بەك ئامراقلىقى كەپ كەتكەندىلا ـ ماشائالله ! قاراڭلار بۇ سەت ياۋا ئۆردەك چۆجىسىنىڭ ئىپسىل بالا بوپ كەتكىنىگە ! ـ دەپ چاقچاق قىلىشىدىغان بوپتۇ.شۇنداق قىلىپ بۇ سەت ياۋا ئۆردەك چۆجىسى ھەممەيلەن ئامراق،تىلى،قەلبى ۋە ئىشلىرى گۈزەل , ئوماق ئۆردەككە ئايلىنىپتۇ.




## 2.كىچىك ياۋا ئۆردەك چۆجىسىنىڭ سەپىرى

كۆنلەر ئۆتۈپ،ئايلا ئۆتۈپ يازمۇ ئاخىرلىشىپتۇ،بارلىق پەسىل قۇشلىرىغا ئوخشاش بۇ كۆل بويىنى ماكان تۇتقان ياۋا ئۆردەكلەرمۇ بىراق جەنۇپقا قىش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۆچۈش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ.



بۇ كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنىڭ

تۇنجى سەپىرى بولغاچقا شۇنچىلىك

ھاياجانلىنىپتۇ.ئۇلار ئۇچۇپتۇ،ئۇچۇپتۇ،ئۇچۇپتۇ...ئېگىز تاغلاردىن،دەريالاردىن، شەھەرلەردىن،يېزا-كەنتلەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ياۋا ئۆردەكلەر توپىنىڭ غاق،غاق،غاق! قىلغان جاراڭلىق ئاۋازى يىراق-يىراقلارغا قەدەر ئاڭلىنىپتۇ،ناخشىلىرى ئاسماننى چاك كەلتۈرۈپتۇ.

بۇ سەپەرگە ئاتلاندۇق

دەپ چىرايلىق بىسمىللاھ.

توغرا يولغا باشلايدۇ

بىزنى مېھرىبان ئاللاھ.

پاك مەنزىلگە يەتكۈزەر،

جەننەتكە كىرگۈزەر،

رەھىم قىلار ھەم دېسەڭ

لائىلاھە ئىللەللاھ.

غاق،غاق،غاق ! بىز ئۆردەكلەر

ناخشىمىز شۇنچە ياڭراق.

بىزلەر تەسبىھ ئېيتىمىز

رەببىمىزگە ئاشۇنداق.

غاق،غاق،غاق،غاق...غا...ق...



پاك،پاك،پاك.........ئۇلار ئاشۇنداق

خوشال ـ خورام ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقاندا،تۇيۇقسىزلا قورقۇنۇچلۇق ئىش يۈز بېرىپتۇ!ئوۋچىلار تۇۋەندىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىۋاتقان ئىكەن ! ۋايجان ! نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق ! ياۋا ئۆردەكلەر توپى پاتپاراق بولۇپ كېتىپتۇ،كىچىك ئۆردەكلەر قىيا ـ چىيا قىلىشىپ يىغلىشىپتۇ،ۋارقىرىشىپتۇ.گەرچە ئۇلار مېڭىش ئالدىدا مۇشۇنداق خەتەرلەرگە ئۇچرايدىغىننى ئۇقتۇرۇشقان بولسىمۇ،ئەمما راستىنلا شۇنداق ئىش يۈزبەرگەندە كىچىك ياۋا ئۆردەك چۆچىسى قورققىنىدىن نېمە



قىلىشىنى بىلمەيلا قاپتۇ. قورقۇنۇچ ئىچىدە توپ باشلىقىنىڭ ـ تېز ئۇچۇڭلار!ھەرگىز سەپتىن چۇشۇپ قالماڭلار !...دېگەن سۆزىمۇ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ ـ دە،پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن بىر تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.ئۇ ئۇچۇپ،ئۇچۇپ ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلانمىغانغا قەدەر قېچىپتۇ.



بىر چاغدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە ئاستا پەسكە تۆۋەنلەپتۇ،ئاستى تەرەپتە بىر كىچىك دەريا بار ئىكەن،شۇ دەريا بويىغا قونۇپتۇ.ئەمما بۇ يەردە ھېچ خەتەر يوقلىقىغا ئىشەنگىنىگە قارىماستىن قاتتىق ھارغىنلىق،قورقۇنۇچ،يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ.



ئاپىسىنى،ئاكا ـ ھەدىلىرىنى،دوستلىرىنى سېغىنىپتۇ،ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتقۇسى كەپتۇ.ئەمما ئۇلار نەدە؟ئۇلارنى قانداق تاپالايدۇ؟ئۈۋچىلارنىڭ مىلتىقىدا ئېتىلىپ كەتكەنمىدۇ؟شۇتاپتا ئۈۋچىلارنىڭ داستىخىنىدىكى مەززىلىك بىر ۋاق ئۆردەك كاۋىپىغا ئايلىنىپ كەتمىگەندۇ ھە ئۇلار....ئاھ،نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق!

ئۆردەك چۈجىسى شۇلارنى ئويلاپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپتۇ.ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ ـ دەپ ئويلاپتۇ.تۇيۇقسىزلا ئاپىسىنىڭ:



ـ بالام،بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە،تاھارەت ئالغىن ـ دە،ئىككى راكئەت ناماز ئوقۇپ،ئاللاھنىڭ ساڭا ياردەم قىلىشىنى،قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى

تىلىگىن.ئاللاھ خالىسا ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ـ دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە ئاپىسىنىڭ ھەرقاچان شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ،خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپتۇ ۋە ئاللاھتىن

ئاتا ـ ئانىسىنى،دوستلىرىنى،ئۆزىنى ساق ـ سالامەت قىلىشىنى ۋە ئۇلار بىلەن تىنىچ ـ ئامان يۈز كۆرۈشتۈرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپتۇ.ئاندىن بىر بىخەتەر جايىنى تېپىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ يالۋۇرغاچ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ،ئاستا،ئاستا ئۇيقۇغا



كېتىپتۇ. ئۇيقۇسىدا گۈزەل بىر چۈش كۆرۈپتۇ.چۈشىدە ئۇلار بىلەن خۇشال ـ خورام جەم بولغۇدەك !...

ئەتىسى يىراقلاردىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ،كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ،كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ خۇشال بولۇپ،ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپتۇ ۋە ئۈمۈدكە تولۇپتۇ.ھېچيەرگە كەتمەي شۇ دەريا بويىدا ئۇلارنى كۈتۈشنى قارار قىپتۇ.



كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى بۇ يەردە تېزلا يېڭى دوستلارنى تېپىپتۇ.باشقىلارغا ياردەم قىپتۇ،سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلەرنى قۇتقۇزىۋاپتۇ،قىلغۇدەكلا ياردەم بولسا قىلىپ،باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىپ بېرىپتۇ.ئەدەپلىك،ئاقكۆڭۈل،خۇشخۇي ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنى بۇ

يەردىمۇ ھەممەيلەن ياقتۇرۇپ،ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ.بىر كۈنى كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى تېخىچە ئاپىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى تاپالمىغىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ،دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ كېتىپتۇ ۋە



يىغلاپتۇ. توشقان ئاپا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپتۇ ۋە:

ـ ئۆردەكچاق،سەبىرلىك بولغىن،ئىنشائاللاھ ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.بۇ ئاللاھنىڭ ساڭا قىلغان سىنىقىدۇر بەلكى.ئاللاھقا بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىشلارنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتكىن.بۇ يەردە سەن شۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن،ئۆزۈڭمۇ شۇنچىلىك ياخشى.ھەممىمىز ساڭا ئامراق بولۇپ قالدۇق.ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ھامان ياخشىلىقتۇر بالام،



كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن،ئاللاھ سېنى تاشلاپ قويمايدۇ ـ دەپتۇ.

كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى بۇ يەردىكى ئاقكۆڭۈل ،مېھرىبان دوستلىرىنىڭ تەسەللىيلىرى ۋە ئىللىق مېھرلىرى بىلەن ئۈمىدكە تولۇپ،سەبىر بىلەن كۈتۈشكە باشلاپتۇ.



بىر كۈنى ئۇ دوستلىرى بىلەن تۇرغان چاغدا

تۇيۇقسىزلا يىراقتىن بىر توپ ئۆردەكلەرنىڭ غاق ! غاق ! غاق!...قىلغان ئاۋازى

ئاڭلىنىپتۇ.ئۇ ئاسمانغا قاراپ يىراقتىن بىر توپ ئۆردەكلەرنىڭ دەريا بويىغا قاراپ

ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ!

ـ ھە؟!...ئاپا ! ئاپاملار مېنى ئىزدەپ كەپتۇ !

ئەلھەمدۇلىللاھ،ئەلھەمدۇلىللاھ...ئۇلار سالامەتكەن !

كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسى خۇشاللىقىدىن ئاللاھقا تىنماي شۈكرىلەر

ئېيتىپ،ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە ئاپا،ئاپا،ئاپا...دېگىنچە ئۇلار تەرەپكە قاراپ



ئۇچۇپتۇ. ئاپىسى ۋە دوستلىرى بىلەن بىردە

يىغلاپ،بىردە كۈلۈپ كۆرۈشۈپتۇ.ئۇلار ئاندىن دەريا بويىغا كېلىپ

قونۇپتۇ.كىچىك ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ئاپىسى بۇ يەردىكى ھەممەيلەنگە

بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىنى ئۈچۈن كۆپ تەشەككۈرلەر ئېيتىپتۇ،كىچىك

ئۆردەكچاقمۇ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ.ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا يېڭى دوستلىرىنىڭ



پەقەتلا كۆزى قيماپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ كېتىشى كېرەك ـ تە!

ئۇلار بىر ـ بىرىگە دۇئا قىلىشىپ،ئەسلىشىپ تۇرۇشنى ئېيتىشىپ كۆزى قيمغان هالدا ئايرىلىپتۇ.كىچىك ياۋا ئۆردەك چۆجىسى:


ـ ئاللاهقا ئامانەت ئەزىز دوستلىرىم،قېرىنداشلىرىم ! سىلەرنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن،سىلەرنى چوقۇم كۆرگىلى كېلىمەن،ئىنشائاللاه !دۇئالىرىمىزدا



ئۇنتۇشمايلى ! ـ دەپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ياۋا ئۆردەكلەر توپىغا قوشۇلۇپتۇ ۋە مەنزىلگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ .



# ئاققۇ مەلىكىنىڭ دوستى



بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتىمۇ ئوماق، گۈزەل بىر ئاققۇچاق بولغان ئىكەن. ئۇ ھەم گۈزەل، ھەم شۇنداق ئاقكۆڭۈل، گۈزەل ئەخلاقلىق بولغاچقا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ «ئاققۇ مەلىكە» دەپ ئاتايدىكەن.



كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاققۇ قىزچاق يېڭى دوست تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېزلا سىردىشىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يېڭى دوستى ئەسلىدە بىر زەھەرلىك چايان ئىكەن. ئەمما بىشىدىن جىق ئىشلار ئۆتكەن، ئەقىللىق، زېرەك ئاققۇ ئاپا بالىسىنىڭ بىر زەھەرلىك چايان بىلەن دوست



بولغىنىدىن زادىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى ئاققۇ قىزچاققا نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

- ئوماق قىزىم، سىز ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئاقكۆڭۈل بۇنى بىلىمەن، لېكىن

سىز تېخى كىچىك،جىق ئىشلارنى بەك ئاددىيلا ئويلايسىز ھەم چۈشىنىپ



كەتمەيسىز.شۇڭا مېنىڭ ئەسكەرتىپ قويغۇم كەلدى.
چۈنكى مەن سىزنىڭ بۇ يېڭى دوستىڭىزدىن پەقەت خاتىرجەم بولالمىدىم،مەن سىزنىڭ دوست تۇتۇشىڭىزغا قارشى ئەمەس،ئەمما قانداق كىشى بىلەن دوست بولۇش بەك مۇھىم.مەن بۇ دوستىڭىزدىن سىزگە بىرەر ئاۋارىچىلىق يېتىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيمەن-دەپتۇ.

كىچىك ئاققۇغا بولسا ئاپىسىنىڭ گېپى پەقەت خۇشياقماپتۇ ۋە كەسكىنلىك



بىلەن:

-ئاپا،سىز نېمىشقا باشقىلاردىن بۇنداق ئورۇنسىز گۇمان قىلىسىز؟ سىز بۇنداق قىلىشنى بەك يامان كۆرەتتىڭىزغۇ؟چايان ھازىر مېنىڭ يېقىن دوستۇم بوپ قالدى،مەن ئۇنىڭ بىرەر ئەيىبىنى ۋە ماڭا زىيان كەلتۈرىدىغان يامان تەرىپىنى سەزمىدىم،مېنىڭچە سىز ئارتۇقچە ئويلاپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن-دەپتۇ ۋە چايان بىلەن داۋاملىق دوست بولۇپ ئۆتۈيۈۋېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى ئۇماق ئاققۇ قىزچاقنى ئۇلار تۇرىۋاتقان يەرگە سەل



يىراق بىر جايدىكى دوستلىرى مېھمانغا چاقىرىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان چايان دوستىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بارغۇسى كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارساڭچۇ دوستۇم،مېنىڭ سەندىن بىردەممۇ ئايرىلغۇم يوق ـ دەپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋاپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئاقكۆڭۈل ئاققۇ قىزچاق دوستىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارماقچى بوپتۇ ھەم ئۇلار تەييارلىنىپ يولغا چىقىپتۇ.ئاققۇ قىزچاق پاكىزە يۇيۇپ ـ تارىنىپ،قاردەك ئاق كۆڭلەك كىيىپ تېخىمۇ ئېچىلىپ ھەقىقەتەن بىر



گۈزەل مەلىكىگىلا ئوخشاپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق تۇرقىنى كۆرگەن چاياننىڭ ئىچلىرى ئېچىشىپ كېتىپتۇ ۋە چىدىمايلا قاپتۇ.شۇنداقتىمۇ سەزدۈرمەي ئاققۇ قىزچاق بىلەن بىللە مېڭىپتۇ.ئاقكۆڭۈل ئاققۇ ئۇنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇچۇپتۇ.كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان چايان تولىمۇ خۇشال بوپ كېتىپتۇ،سۈپسۈزۈك ئاسمان،ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇۋاتقان ئاققۇ قىزچاق قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپتۇ.



چايان يەنە چىدىماي قاپتۇ.خېلى ئۇچقاندىن كېيىن

ئۇلار كەڭ بىر كۆلدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە توغرا كەپتۇ. ئاققۇ قىزچاق چارچاپ

قالغاچقا بىردەم دەم ئېلىۋالماقچى بولۇپ،كۆل بويىغا قونۇپتۇ. سۇلىرى

سۈپسۈزۈك،بېلىقلار ئۈزۈشۈپ يۈرگەن كۆلنى كۆرگەن چايانىنىڭ سۇغا چۈشۈپ

ئوينىغۇسى كەپتۇ،ئەمما ئۆزىنىڭ سۇ ئۈزەلمەيدىغانلىقى ۋە سۇغا چۈشۈپ كەتسە

سۇدىكى جانلىقلارنىڭ يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ.ئۇنىڭ تۇرۇپلا تۇتۇلۇپ،غەمگە

چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاقكۆڭۈل ئاققۇچاق :

ـ نېمانچە غەم ـ غۇسسىگە پېتىپ قالدىڭ دوستۇم؟ ـ دەپ سوراپتۇ.چايان

ئۇنىڭغا:

ـ ھەي جېنىم دوستۇم ، بۇ زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆلنى كۆرۈپ مېنىڭ بەكمۇ



كۆلدە سەيلە قىلغۇم كەپ كەتتى. ئەمما مېنىڭ سۇ

ئۈزەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىسەن،شۇڭا قايغۇرۇپ قالدىم ـ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئاققۇ قىزچاق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ـ ۋاي يېنىمدا مەندەك دوستۇڭ تۇرسا، شۇنىڭغىمۇ غەم يەمسەن؟مەن ئۆزۈمنى

ساڭا كېمە قىلىپ ساڭا قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەي كۆلنى سەيلە

قىلدۇرىمەن ـ دەپتۇ ۋە مېھماندارچىلىققا بارىمەن، دەپ چىرايلىق ياسانغىنىغا

قارىماستىن كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ،ئۇنى ئۇستىگە ئېلىپ كۆلگە چۈشۈپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ،ئەمما چايانىنىڭ ئاللىقاچان نىيىتى بۇزۇلغىنىنى سەزمەپتۇ.



ئۇ خىرامان سۇ ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇستىدىكى چايان زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇنىڭ چىرايلىق پۇتلىرى تەرىپىگە ئۆمىلەپ كېلىپ زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىۋېتىپتۇ ! ساددا ئاققۇ قىزچاق ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋايجان !ـ دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ،ئەمما نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەپتۇ ۋە چايانىنىڭ نەشتىرىنى سانجىغىنىنى زادى خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ،چايان ھىيلىگەرلىك بىلەن:

ـ نېمە بولدى جېنىم دوستۇم ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ پۇتۇمنى بىر نەرسە چېقىۋالغاندەك قىلىدۇ ـ دەپتۇ ئاققۇ قىزچاق.

ـ ھە،ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىغۇ؟بەلكىم بىرەر سۇدىكى جانلىق بولسا



كېرەك،قورقمىغىن ـ دەپتۇ چايان ھېچ ئىش بولمىغاندەك.

ئاققۇ قىزچاق چايان دوستىنى ئۆزىگە نەشتىرىنى سانجىۋەتكەن بولمىسۇن يەنە،دەپ ئويلىغان بولسىمۇ،ئەمما ئۇ ماڭا ھەرگىز ئۇنداق ئەسكىلىك قىلمايدۇ،دەپ قاراپ ئاغرىققا چىداپ دوستىنىڭ كۆڭلىنى خۇش بولسۇن دەپ داۋاملىق ئۈزۈۋېرىپتۇ.سەلدىن كېيىن چايانىنىڭ ئەسكى خۇيى يەنە تۇتۇپتۇ ـ دە،ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم نەشتىرىنى سانجىۋېتىپتۇ.ئەمدى گۇمانلانغۇدەك

يېرى قالماپتۇ،چايان بولماي يەنە كىم بولاتتى بۇنداق زەھەرلىك نەشتەر بىلەن چاقىدىغان ؟!شۇنىڭ بىلەن ئاققۇ قىزچاق ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرىۋېتىپتۇ ۋە ئاچچىقى كېلىپ چايانغا:

ـ مەن سېنى دوستۇم دەپ  ساڭا شۇنداق ئىشەنسەم نېمىشقا ماڭا بۇنداق زەھەرخەندىلىك قىلىسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.



چايان بولسا كۆلگىنىچە ئاققۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئۇنىڭغا يەنە بىر قانچە قېتىم نەشتىرىنى سانجىۋاپتۇ.ئاغرىققا چىدىمىغان ئاققۇ قىزچاق ئىنتاين تېزلىك بىلەن ئۆزۈپ قىرغاققا چىقىپتۇ ـ دە،چاياننى دۈمبىسىدىن سىلكىپ چۈشۈرىۋېتىپ:

ـ ئەمدى ئىككىنچىلەپ سەندەك نىيىتى يامان،زەھەرخەندە بىلەن دوست بولمايمەن.ئاپامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي سەندەك ئەسكى بىلەن دوست بولغان گۇناھ ئۆزۈمدە ـ دەپتۇ ۋە قانات قېقىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ قاپتۇ.ئەسكى چايان بولسا شۇ كۆل بويىدا ئاققۇ قىزچاقنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە يالغۇز قاپتۇ.



ئاققۇ قىزچاق مىكبىر جاپادا قېنىنلىپ ئۇچۇپ ئارانلا ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاپتۇ،چايان بىرقانچە يەرلىرىدىن قاتتىق چېقىۋالغاچقا ھالسىزلىنىپ،ئاغرىقتىن قېينىلىپ ئۇزاققىچە ئەسلىگە كېلەلمەپتۇ.ئاپىسى ئۇنىڭغا زەھەر قايتۇرىدىغان دورىلارنى ئۇچۇرۇپ،يارىسىغا سۈرۈپ،قۇرئان ئايەتلىرى ۋە دۇئالار بىلەن سۈپلەش



ئارقىلىق ئاران ساقىيىپتۇ. ئۇ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاققۇ ئاپا ئۇنىڭغا:

-ئوماق ئاققۇ قىزىم،ئەسكىلەر بىلەن دوست بولغىنىڭ ئۆز-ئۆزۈڭگە بالا تاپقىنىڭ بولىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ بىزگە بىرھەدىسىدە«ياخشى ھەمراھ خۇددى ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ.ناچار ھەمراھ خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكىگە ئوخشايدۇ.ئىپار ساتقۇچىنىڭ  ياكى ئىپاردىن سېتىۋالىسەن ياكى ئىپارنىڭ خۇش ھىدىنى پۇرايسەن.تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى بولسا بەدىنىڭنى،كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ»دەپ ياخشىلار بىلەن دوست بولۇشقا،ياماندىن يىراق تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلغان.بۇندىن كېيىن دىيانەتلىك،ئىمانلىق،ئەخلاق-پەزىلەتلىك،دۇرۇس كىشىلەر بىلەن دوست بولغىن.ئاللاھنى تونىمايدىغان،ئاللاھنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان دىن-دىيانەتسىز قارانىيەتلەر ئاللاھنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلمىغان يەردە،شۈبھىسىز سېنىڭ ھەققىڭغىمۇ رىئايە قىلمايدۇ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ھەرقاچان يانمايدۇ ھەم سېنى يامان يولغا باشلايدۇ.بۇ ئىش ساڭا قاتتىق ئىبرەت بولسۇن-دەپتۇ.




**كىچىك ئاققۇ قىزچاق ئاپىسىنىڭ**

**نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ۋە بۇ ئىشتىن قاتتىق ساۋاق ئېلىپ خاتالىقىنى تونۇپتۇ.شۇندىن كېيىن ئۇ پەزىلەتلىك،دىيانەتلىك،ئاللاھنى تونۇيدىغان،ئاللاھتىن قورقىدىغان، ھەققە،سەبىرگە،ياخشىلىقلارغا دەۋەت قىلىدىغان ياخشىلار بىلەنلا دوست بولۇپتۇ،چاياندەك ئاللاھنى تونىمايدىغان،ئاللاھقا بويسۇنمايدىغان ئىمانسىز،بەدخۇلۇق،ئەسكىلەردىن يىراق بولۇپ،خۇشال-خورام ۋە خاتىرجەم ياشاپتۇ.**

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِيَ لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللَّهُ﴾

﴿جىمى ھەمدۇ - سانا بىزنى بۇ نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق﴾ [ئەئراف سۈرىسى 43 - ئايەت]

پۈتۈن ھەمدۇ - سانا ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھقا خاستۇر.

